15 ـ قىسىم

# باشقا تىملار

## ئىككى دىنىنىڭ دۇنياۋىلىقى

### ئىسلام دىنى

- ئاللا بارلىق ئادىمزاتنىڭ ئىگىسىدۇر. (قۇرئان 7:172)

- ئاللا ھەر بىر مىللەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغۇزغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللانىڭ يولىدا ماڭغان، بەزىلىرى ئازغۇنلۇقتا تۇرغان (قۇرئان 10:47 ، 16:36). ھەر بىر مىللەتنىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچىسى بار (قۇرئان 35:24). ئاللا قەدىمقى ھەرخىل دىنى مەزھەپلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن، نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن (قۇرئان 15:10) .

  ○ ئەمما يوقۇرقى ئايەتلەر تارىخى پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس، چۈنكى قەدىمقى مەدىنىيەتلىك دۆلەتلەر بولسۇن ياكى قالاق قەبىلىلەر بولسۇن، تارىختا يەھۇدى مىللىتىدىن باشقا بارلىق مىللەتلەر كۆپ ئىلاھقا ۋە مەبۇدلارغا چوقۇنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللانىڭ يولىدا ماڭغان ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇلاردىن لاۋزى (جوڭگو)، ساكيامونى (ھىندىستان)، زوروئاستىر (ئىران) دىگەندەك ئادەملەر چىققان بولۇپ، ئۇلار داۋجاۋ دىنى، بۇددا دىنى ۋە زەردۇشت دىنى قاتارلىق كۆپ ئىلاھلىق دىنلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغان.

- ئاللا پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارغا رەھىم قىلىش ئۈچۈن، مۇھەممەتنى ئەۋەتكەن. (قۇرئان 21:107)

  ○ ئەگەر ئىسلام دۇنياۋى خاراكتېرلىق دىن بولسا، نىمە ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھەرخىل مىللەتلەر ئەرەپ تىلىدا ناماز ئوقۇشقا ۋە قۇرئاننى پەقەت ئەرەپ تىلىدا قىرائەت قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ.

### مەسىھ ئېتىقاتى

- خۇدا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ خۇداسىدۇر. (رىملىقلار 3:29 ، كولوسىلىقلار 3:11)

- خۇدانىڭ ۋەدىسى يەھۇدىلارغىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن بېرىلگەن. (ئەلچىلەر 2:39)

- خۇش خەۋەر (ئىنجىل) يەر يۈزىدىكى بارلىق دۆلەت ۋە مىللەتلەرگە تارقىتىلىدۇ (ۋەھىلەر 14:6). پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ (مەتتا 24:14).

- قۇتقۇزۇلىدىغانلار ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەردىن چىقىدۇ. (ۋەھىلەر 5:9،10 ، 7:9)

- پۈتۈن دۇنيادىكى ئېتىقاتچىلار، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ئەر ياكى ئايال

بولسۇن، باي ياكى نامرات بولسۇن، ھەممىسى ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كېلىدۇ. (كورىنتلىقلارI 12:13 ، گالاتىيالىقلار 3:28)

• ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى خۇدانى ئۇلۇغلايدىغانلارنى خۇدا قوبۇل قىلىدۇ (ئەلچىلەر 10:35)، ئۇلارنى يەھۇدى ياكى باشقا مىللەتلەر دەپ ئايرىمايدۇ (ئەلچىلەر 15:9 ، كولوسىلىقلار 3:11). خۇدانىڭ ھەققانىيىتى ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەن ھەرقانداق ئادەمگە ئاتا قىلىنىدۇ. ئۇ مىللەت، تەبىقە، جىنس، بايلىق ۋە بىلىمگە قاراپ ئايرىمايدۇ (رىملىقلار 3:22 ، 10:12 ، گالاتىيالىقلار 3:28 ، كولوسىلىقلار 3:11). ھەممە ئادەمنىڭ بىرلا رەببى باردۇر (رىملىقلار 10:12).

## ئەيسا مەسىھ بىلەن دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

• ئەيسا مەسىھ پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدۇر. (لۇقا 2:10،11)

• ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: «شەرقتىن ۋە غەربتىن نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ، خۇدانىڭ دۆلىتىدە ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار بىلەن بىللە ھەمدەستىخان بولىدۇ». (مەتتا 8:11)

• ئەيسا مەسىھ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىمۇ ئۆزىگە ئەگەشتۈرىدۇ. (يۇھاننا 10:16)

• ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىغا مۇنداق بۇيرۇيدۇ: «بېرىپ پۈتكۈل مىللەتلەرنى مېنىڭ شاگىرتىم قىلىپ يېتىشتۈرۈڭلار، ئۇلارغا مەن سىلەرگە بۇيرۇغان بارلىق ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىڭلار.» (مەتتا 28:19،20 ، ماركوس 16:15)

• ئەيسا مەسىھ كرېستتا ئاققۇزغان قۇربانلىق قېنى ئارقىلىق، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىمۇ خۇداغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇلار بىلەن يەھۇدىلار ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىكنى يوقىتىپ، ئىناقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توسالغۇ تام چېقىپ تاشلىنىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كېلىدۇ. تىنچلىق توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرمۇ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ. (ئەفەسلىكلەر 2:14ـ18)

• بەزى مۇسۇلمانلار خاتا ھالدا، ئەيسا مەسىھنى پەقەت ئىسرائىللارغىلا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ قارايدۇ. ئەمما قۇرئاندا، ئەيسا مەسىھ پۈتكۈل ئىنسانلارغا بېرىلگەن بىشارەتتۇر دېيىلگەن. (قۇرئان 21:91)

## مەزھەپلەر

• ئىنجىلدا ئەڭ دەسلەپكى مەسىھ جامائىتى گىرېك تىلىدا (ekklesia) دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەنىسى «چاقىرىلغانلار» دېگەنلىكتۇر. يەنى خۇدا تەرىپىدىن چاقىرىلىپ،

گۇناھقا پاتقان بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ چىققان ھەم خۇدانىڭ يولىدا مېڭىۋاتقان كىشىلەردۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر ئىمارەتنى ياكى تەشكىلاتنى كۆرسەتمەيدۇ.

• ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كېيىن، دەسلەپكى جامائەتچىلىكتە بىر قىسىم مەزھەپلەر پەيدا بولۇپ، ئوخشىمىغان ئوقۇم، تەلىم ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرغا چىقىرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى مەسىھ جامائىتى ئىنجىلغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ.

• رىم ئىمپېراتورى كونستانتىنپول مەسىھ ئېتىقاتىنى ئاشكارا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلىشىشكە يۈزلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئوتتورا ئەسىرگە كەلگەندە، مەسىھ جامائىتى بارغانسىرى چىرىكلىشىپ، ئىنجىلغا قارىغاندا ئۆرپ-ئادەت ۋە رىم پاپىسىنىڭ نوپۇزىغا تېخىمۇ بەكرەك بويسۇنىدىغان بولىدۇ. بىراق شۇنداقتىمۇ، تارىختا يەنىلا نۇرغۇن ئېتىقاتچىلار ئىنجىلغا ۋە ئەيسا مەسىھكە سادىق بولۇپ ياشايدۇ، ھەتتا شۇ سەۋەپتىن زىيانكەشلىككىمۇ ئۇچرايدۇ. 16-ئەسىرگە كەلگەندە، گېرمانىيىلىك مارتىن لۇتېر ئىنجىلغا قايتىش ھەركىتىنى باشلاپ، دىنى ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىنى ئىسلاھاتچىلار بۇرۇنقى كاتولىك مەزھىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، پروتېستىن مەزھىپىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

• 17-ئەسىردە، دىنى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ بەزى كۆز قاراش جەھەتتىكى پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا مەسىھ جامائىتىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، مەزھەپلەر نەزىرىيىسى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

○ ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ھەممە ئىشتا بارلىق ھەقىقەتنى تولۇق بىلىپ كىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولغانىكەن، كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ۋە كۆزقاراشلىرىدا پەرقلەرنىڭ كىلىپ چىقىشىمۇ نورمال ئەھۋال. شۇڭا پۈتكۈل مەسىھ جامائىتىنى بىرلا تەشكىلاتنىڭ يىتەكلەپ ماڭالىشى ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

○ ئەمما بۇ كۆز قاراشتىكى پەرقلەر مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئاساسى ئەقىدىلىرىگە چېتىلمايدۇ، ئۇلار پەقەت تاشقى شەكىل جەھەتتىكى بىر قىسىم ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەسىلەن قائىدە-يوسۇن، تەشكىلى تۈزۈم دىگەندەك.

○ ئايرىلىپ تۇرۇش پارچىلىنىشتىن دىرەك بەرمەيدۇ. ھەرقايسى مەزھەپلەردە ئاز-تولا پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە يەنىلا بىر بولۇپ، ئومومى مەسىھ جامائىتىنىڭ تەركىبى قىسىملىرىدۇر.

• ئەملى جەرياندا، مەزھەپلەر ئوتتورىسىدا بەزىدە زىددىيەتلەرمۇ كۆرىلىدۇ. ئەگەر مەسىھىيلەر بىرلىككە كېلەلمىز دەيدىكەن، چوقۇم پاۋلۇسنىڭ مۇنۇ پوزىتسىيىسىنى ساقلىشى كىرەك: «مەيلى ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى توغرا بولسۇن ياكى بولمىسۇن،

قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئەيسا مەسىھ تونۇتۇلسىلا، مەن شۇنىڭدىن خۇرسەنمەن.» (فىلىپىلىكلار 1:18)

● تارىختا پەيدا بولۇپ يوقاپ كەتكەن، ياكى ھازىر مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەزى مەزھەپلەر بىدئەت دەپ قارىلىدۇ (مەسىلەن يەھۋا گۇۋاھچىلىرى). چۈنكى ئۇلارنىڭ دىنى ئەقىدىسى ئىنجىلغا خىلاپ بولۇپ، مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئاساسى ئەقىدىلىرىدىن چەتنەپ كەتكەن.

● ئەسلىدە توغرا ئېتىقات يولىدا كېتىۋاتقان بەزى مەزھەپلەردىمۇ ھازىر چېكىنىش مەۋجۇد. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جامائەت تەشكىلىگە گۇمانىزىمچىلار (خۇدانىڭ مەۋجۇدلىقىدىن گۇمانلىنىدىغانلار) ۋە ئاتېزىمچىلار (خۇدانىڭ مەۋجۇدلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار) نى ئەكىرمەكتە. دۇنيانىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ، ھەرخىل گۇناھلارغا يول قويماقتا. ئەمىلىيەتتە بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى ئىنجىلدا ئاللىبۇرۇن بىشارەت قېلىنىپ بولغان بولۇپ، زامان ئاخىرىدا مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىشلاردۇر. شۇنداقتىمۇ، ھازىرغا قەدەر يەنىلا كۆپ قىسىم جامائەتچىلىك ئىجىلدىكى تەلىملەر بويىچە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئەيسا مەسىھنىڭ يولىدا تەۋرەنمەي ماڭماقتا.

● ئىنجىلنى ئاساس قىلغان يېڭى مەزھەپلەر ئوتتورىسىدا گەرچە ئاز-تولا پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ئاساسى ئەقىدىلىرى ئوخشاشتۇر.

● ئىسلام دىنىدىمۇ نۇرغۇن مەزھەپلەر بار. مەسىلەن، تارىختا سىياسى ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تالىشىپ پارچىلانغان سۈننى، شىئە، خاۋارىج، مۇتەزىلاھ قاتارلىق مەزھەپلەر، ۋە كېيىن پەيدا بولغان سوپىزىم قاتارلىق چوڭ مەزھەپلەر، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايرىلىپ چىققان يەنە نۇرغۇن ئۇششاق مەزھەپلەر بار.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزىشى

● بىر قىسىم مۇسۇلمانلار، پەيغەمبەرلەرنى خۇدا ئەۋەتكەن، شۇڭا ئۇلار گۇناھ سادىر قىلمايدۇ دەپ قارايدۇ. ھەمدە مۇشۇ سەۋەپتىن تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىگە دائىر مەزمۇنلارنى رەت قېلىدۇ.

● بىراق ئەمەلىيەتتە قۇرئاندىمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار.

● ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. (قۇرئان 2:35،36 ، 7:23 ، 20:121) ، شۇڭا ئاللا ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ (قۇرئان 2:38)

○ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى تەۋراتنىڭ ئالەمنىڭ يارىتىلىش قىسمىدا خاتىرلەنگەن. (2:17 ، 3:5،6،24)

● نوھ ئاللادىن ئۆزىنىڭ ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 71:28، 11:47)

● ئىبراھىم ئەسلىدە يولتۇز، ئاي ۋە كۈنلەرنى ئىلاھ دەپ چوقۇناتتى (قۇرئان 6:75-79). ئۇ يالغان گەپ قىلىپ باققان (قۇرئان 21:63). ئاللادىن ئۆزىنىڭ گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈشنى تىلىگەن. (قۇرئان 14:41 ، 26:82)

○ ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى تەۋرات ئالەمنىڭ يارىتىلىش قىسمىدا خاتىرلەنگەن. ( 15:1-6 ; 16:1-4 ; 17:15-19 ; 20:1-11 ; 12:10-20)

● يۇسۇپمۇ ئايال خوجايىنىغا ھاۋايى ھەۋەس قىلىدۇ، بىراق ئاللا ئۇنى گۇناھ ۋە نومۇسلۇق ئىش قىلىشتىن توسۇيدۇ. (قۇرئان 12:24)

○ دىمەك، گەرچە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام گۇناھلىق ئىشنى قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما قەلبىدە گۇناھ پەيدا بولۇپ بولغان.

● مۇسا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن كىيىن، ئاللادىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 26:20 ، 28:15،16)

○ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى تەۋراتنىڭ مىسىردىن چىقىش ۋە نوپۇس سانى دىگەن قىسىملىرىدا خاتىرلەنگەن. (مىسىردىن چىقىش 2:12 ، نوپۇس سانى 20:6-13)

● داۋۇت ئاللادىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 38:24)

○ داۋۇتنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مۇقەددەس كىتاپنىڭ سامۇئىلII 11 ، 12 ؛ تارىخنامەI 21:1 ؛ زەبۇر 51:4 قاتارلىقلاردا خاتىرلەنگەن.

● سولايمان ئاللادىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 38:34،35)

○ سولايماننىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى كونا ئەھدىنىڭ پادىشاھلارI قىسمىدا خاتىرلەنگەن. (11:1-8)

● يۇنۇس لىق مال بېسىلغان بىر كېمىگە قېچىپ چىقىۋالىدۇ. ئۇ مەغلۇپ بولغان بولۇپ، ئەيىپلىنىشكە لايىقتۇر. (قۇرئان 37:139-142)

○ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى كونا ئەھدىنىڭ يۇنۇس پەيغەمبەر قىسمىدا خاتىرلەنگەن.

• مۇھەممەتمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەن. (قۇرئان 4:106 ، 40:55 ، 47:19 ، 48:2 ، 110:3 ؛ بۇخارى ھەدىسلىرى 8:75:379 ، 9:93:482)

• پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە، پەقەت ئەيسا مەسىھلا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان بولۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۇنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. ئەكسىچە قۇرئان ۋە ھەدىستە «مەسى ئەيسا» نىڭ تۇغۇلىشىدىنلا مۇقەددەس ئىكەنلىكى، بىر ئۆمۈر ھەققانى ياشىغانلىقى، گۇناھسىز پاك پەيغەمبەر ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن. (قۇرئان 3:46 ، 6:85 ، 19:19 ؛ بۇخارى ھەدىسلىرى 6:60:236)

○ ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھسىز پاك ئىكەنلىكىنى تەۋرات، زەبۇر ۋە قەدىمقى پەيغەمبەرلەر ئالدىن بىشارەت قىلغان، ئاخىرىدا ئىنجىلدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. (يەشايا پەيغەمبەر 53:9 ؛ ئىنجىل-مەتتا 27:4 ، لۇقا 23:4،41،47 ، يۇھاننا 8:29،55،46 ، كورىنتلىقلارII 5:21 ، ئىبرانىلار 4:15 ، پېتروسI 2:22 ، يۇھانناI 3:5)

• مۇقەددەس كىتاپلاردا قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمۇ تەپسىلى خاتىرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇ كىتاپلارنىڭ ئەمىلىيەتكە سادىق بولغانلىقى، پاكتنى يۇشۇرمىغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ كىتاپلارنىڭ ئادەملەرنىڭ ئىجادىيىتى بولماستىن، بەلكى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن يېزىلغانلىقنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. چۈنكى خۇدا يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئىنسانىنىڭ ئاجىزلىقنى يۇشۇرمايدۇ، ئۇ ھەم مېھىر-مۇھەببەتلىك ھەم ئادالەتلىك خۇدادۇر. ئىنسانلار ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى خۇدانىڭ كۆزىدىن يۇشۇرالمايدۇ. بۇ ئارقىلىق خۇدا ئىنسانلارغا شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكچىكى، ئادەملەرنىڭ ئۆتكۈزگەن ھەر بىر گۇناھىنىڭ ئىز-خاتىرىسى قالىدۇ، ئۇنىڭ چوقۇم جازاسى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، خۇدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ، مەيلى ئۇ پەيغەمبەر بوپكەتسۇن، گۇناھىغا چاپان ياپمايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە ئىنسانلار بۇزۇلۇپ گۇناھقا پاتقان بولسىمۇ، ئەمما خۇدا ئىنسانلارنى تاشلىۋەتمەيدۇ. ئەيسا مەسىھ يەر يۈزىگە كىلىپ گۇناھكارلار بىلەن دوست بولىدۇ، چۈنكى ئۇ گۇناھكارلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدۇر. ئىنجىل خۇدانىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل ئىنسانلارنى يورۇتىدۇ.

• ھەتتا تارىختىكى ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەن يەردە، دىمەك، ھەرقانداق بىر ئادەم ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىقلا پاك ۋە ھەققانى ئادەم بولالمايدۇ. ئادەملەر پەقەت ئېتىقاتى ئارقىلىقلا خۇدا تەرىپىدىن گۇناھى كەچۈرۈلۈپ، ھەققانى دەپ ئاتىلىدۇ. «ئەگەر ئىبراھىم ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ھەققانى دەپ ئاتالغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ماختىنالايتى. ئەمما خۇدانىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ

ماختانغىدەك ھېچنىمىسى يوق. مۇقەددەس يازمىلاردا، ئىبراھىم خۇداغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھەققانى ئادەم دەپ ئاتالغان ـ دېيىلگەن». (رىملىقلار 4:2،3)

### ئىسمائىل

## ئىسلام دىنىدىكى خاتىرلەر

- مۇھەممەت ئۆزىنى ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتايدۇ.
  - تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە، بەزى مۇسۇلمانلار مۇھەممەتنىڭ ئەجدادىنى ئىسمائىلنىڭ چوڭ ئوغلى نىبايۇتقا باغلىسا، يەنە بەزىلەر ئىسمايىلنىڭ ئىككىنچى ئوغلى قېدارغا باغلايدۇ.
- ئىبراھىم ئاللادىن ئۆلۈكنى قانداق تىرىلدۈرگەنلىكىنى ئۆزىگە بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 2:260)
- قۇرئاندا ئىبراھىمنىڭ ئاللا ئۈچۈن قۇربانلىق قىلماقچى بولغان بالىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق دېيىلمىگەن (قۇرئان 107 ـ 37:0:1). ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنىڭ قايسىسى پەيغەمبەر دىگەن مەسىلىدە زىددىيەت بار.

بۇ توغرىدىكى زىددىيەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

| ئىسھاقنى قوللايدىغان ئايەتلەر | ئىسمائىلنى قوللايدىغان ئايەتلەر |
|---|---|
| • ئاللا ئىبراھىمنىڭ ئايالى سارەگە، ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ياقۇپ توغرىسىدا خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ. (قۇرئان 11:71) | • ئاللا ئىسمائىلنى، ئېلىشانى، يۇنۇسنى ۋە رۇتنى شۇ دەۋردىكى باشقا خەلقلەردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. (قۇرئان 6:86) |
| • ئاللا ئىبراھىمغا بىر ئوغۇل ئاتا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇش خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ بالا چوڭ بولۇپ ئىبراھىمغا ياردەملەشكۈدەك بولغاندا، ئىبراھىم ئۇنىڭغا: «ھەي ئوغلۇم، مەن چۈشۈمدە سىنى بۇغۇزلاپ قۇربانلىق قىلغانلىقىمنى كۆرۈپتىمەن، سەن ئويلىشىپ باققىن، بۇنىڭغا نىمە پىكرىڭ بار» ـ دەيدۇ. ئۇ: | • ئىسمائىل ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ، ئۇمۇ پەيغەمبەردۇر. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا ۋە زاكات بېرىشكە بويرۇيدۇ، ئۇ ئاللانىڭ يېنىدا خۇشاللىق تاپىدۇ. (قۇرئان 55،19:54) |

| | |
|---|---|
| | «ئى ئاتا، سەن بۇيرۇغاننى ئىجرا قىلغىن، ئەگەر ئاللا شۇنداق ئىرادە قىلغان بولسا، مىنىڭ سەۋر-تاقەتلىك ئىكەنلىكىمنى كۆرىسەن» - دەيدۇ. ئىبراھىم ئاللاغا بويسۇنۇپ، ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغاندا، ئاللا ئۇنى توختىتىۋالىدۇ، ھەمدە ئۇلۇغ بىر قۇربانلىقنى بەدەل تۆلەش ئارقىلىق ئۇ ئوغۇلنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدۇ، ۋە ئۇنىڭ نامىنى كېيىنكى ئەۋلادلار ئىچىدە مەڭگۈ ياد ئەتكۈزىدۇ. ئاندىن ئاللا ئىبراھىمغا ئوغلى ئىسھاقنىڭ پەيغەمبەر ۋە ھەققانى ئادەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەمدە ئىبراھىم بىلەن ئىسھاققا بەخت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن ھەققانى ئادەممۇ شۇنداقلا ئازىدىغانلارنىڭمۇ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (قۇرئان 37:100-113)<br>●ئاللا ئىبراھىمغا ئىسھاق ۋە (ئىسھاقنىڭ ئوغلى) ياقۇپنى ئاتا قىلىدۇ. ھەم ئۇلارنى توغرا يولدا يېتەكلەيدۇ. (قۇرئان 6:84)<br>● ئاللا ئىبراھىمغا ئىسھاق ۋە ياقۇپنى ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا (ئىسرائىللارغا) پەيغەمبەر ۋە مۇقەددەس كىتاپلارنى ئىلتىپات قىلىدۇ. (قۇرئان 29:27)<br>● ئاللا ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا (ئىسرائىللارغا) مۇقەددەس كىتاپلارنى، ئەقىل-پاراسەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلىدۇ. (قۇرئان 45:16)<br>● يۇسۇپ ئەجدادى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىدۇ. (قۇرئان 12:38) |

● كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلار ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان بالىسىنى ئىسمائىل دەۋالىدۇ.

● مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارايدۇ.

● ئەملىيەتتە ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادى ئەرەپ قان سېستىمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا مۇھەممەتنى ئىسمايىلنىڭ ئەۋلادى دەپ ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ.

● قۇربان ھېيتتا مۇسۇلمانلار قوي-كالىلارنى قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق، ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئاشۇ ۋەقەلىكنى خاتىرلەيدۇ.

## مەسىھ ئېتىقاتىدىكى خاتىرلەر

● ئىبراھىم ئۆزۈن مەزگىلگىچە ئايالى سارەدىن بالىلىق بولالمىغاچقا، ئۇنىڭ دىدىكى مىسىرلىق ھەجەر بىلەن بىرگە بولۇپ، ئىسمائىلنى تاپىدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 16)

● خۇدا ئىسمائىل توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

○ ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقى خۇددى ياۋا ئېشەككە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قولى باشقىلارغا ھوجۇم قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ قولىمۇ ئۇنىڭغا ھوجۇم قىلىدۇ (دىمەك ئۇرۇش-جېدەل قېلىپلا تۇرىدۇ). ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ شەرقىدە ياشايدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 16:12)

○ ئىسمائىلدىن 12 قەبىلە باشلىقى توغۇلىدۇ، كەلگۈسىدە چوڭ دۆلەت بولىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 17:20 ، 21:18)

● خۇدا ئىسھاق بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى مۇستەھكەملەيدۇ، ھەمدە بۇنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەھدىسى قېلىدۇ. ئەمما خۇدا ئىسمائىل بىلەن ئەھدە تۈزمەيدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 21-17:18)

● ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغلى ئۇنىڭ ئۆز ئايالى سارەدىن تاپقان بىردىنبىر بالىسى ئىسھاقتۇر. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 9-22:2 ، ياقۇپ 2:21)

○ ھەجەر ئىبراھىمنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى ئەمەس. سارە باشتا بالىلىق بۇلالمىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئىبراھىم خۇدانىڭ ئىرادىسىگە قارشى ھالدا سارەنىڭ دىدىكى ھەجەر بىلەن بىرگە بولۇپ ئىسمائىلنى تاپىدۇ. ئەمما كېيىن خۇدانىڭ ۋەدىسى ۋە مۆجىزىسى بىلەن سارە ھامىلدار بولۇپ ئىسھاق توغۇلىدۇ. ئىسھاقنىڭ مەنىسى «كۈلكە » (خۇشاللىق) دىگەنلىكتۇر.

● ئىبراھىم خۇدا تەرىپىدىن سىنالغاندا، ئېتىقاتى ۋەجىدىن ئوغلى ئىسھاقنى قۇربانلىق قىلماقچى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ ئۆلۈكنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمىلىيەتتىمۇ، ئۇ خۇددى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن ئوغلىنى قايتۇرۇپ ئەكەلگەندەك بولدى. (ئىبرانىلار 19ـ11:17)

● خۇدانىڭ ئىبراھىمغا «سىنىڭ بىردىنبىر ئوغلۇڭ» دىگىنى ئىسھاقنى كۆرسىتىدۇ، ئىسمائىلنى ئەمەس. چۈنكى:

○ بۇ چاغدا ئىسمائىل كەتكەن ئىدى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 21:14)

○ خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسھاقتىن تۇغۇلغانلارلار ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسمائىلدىن تۇغۇلغانلار ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتالمايدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 21:12 ، رىملىقلار 9ـ9:7)

○ ئىسھاقنىڭ ئاپىسى سارە ئىبراھىمنىڭ ھەقىقى قانۇنلۇق خوتۇنىدۇر. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 17ـ17:15)

○ ئىسمائىلنىڭ ئاپىسى ھەجەر بولسا، پەقەت بىر دىدەك. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 16:1)

● ئىسھاق ۋە ئىسمائىلنىڭ ئانىلىرى سارە ۋە ھەجەردىن بىرـبىرىگە قارمۇـقارشى بولغان ئىككى دىنى سېستىما بارلىققا كىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى شەرىئەتنى، يەنە بىرى شەپقەتنى ئاساس قىلغاندۇر. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ سېلىشتۇرمىسى بېرىلدى: (گالاتىيالىقلار 31ـ4:21)

| ئىسھاق | ئىسمائىل |
|---|---|
| سارە ئىبراھىمنىڭ ھەقىقى خوتۇنى. ھۆر ئەركىن ئايال.<br>ئىسھاق خۇدانىڭ ئىرادىسى، ۋەدىسى ۋە مۆجىزىسى بىلەن قانۇنلۇق ئەرـئايالدىن تۇغۇلغان. | ھەجەر ئىبراھىمنىڭ خوتۇنى ئەمەس، پەقەت بىر دىدەك، قۇل ئايال.<br>ئىسمائىلنىڭ تۇغۇلىشى ئىبراھىمنىڭ جىسمانىيىتىدىن كىلىپ چىققان گۇناھنىڭ نەتىجىسىدۇر. |
| ئىنجىلغا يەنى خۇدانىڭ شەپقىتىگە تايىنىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ. | دىنى ئەمرىمەرۇپلارنىڭ (شەرىئەتنىڭ) قۇلى بولىدۇ. |
| ئىنجىل خۇدانىڭ شەپقىتى بولۇپ، ئەرشتىن كەلگەن. | شەرىئەت خۇددى بۇرۇنقى تەۋرات قانۇنىغا ئوخشاش، بىر خىل دىنى قائىدەـتۈزۈم بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ شەپقىتى بولماستىن، بەلكى ئادەملەرنى جازالاش ياكى مۇكاپاتلاشتا ئاساسلىنىدىغان ھەركەت ئۆلچىمىدۇر. |

| | |
|---|---|
| ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەنلەر ئەمدى قۇل ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشكەن پەرزەنتلەر ۋە مىراسخورلاردۇر. | دىنى ئەمرىمەرۇپلارغا ئېسىلىۋالغانلار داۋاملىق قۇللۇق ھالىتىنى ساقلاپ قالغانلاردۇر. |

• ئىسلام دىنىدىكى ئاللا بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى قۇلدار بىلەن قۇلنىڭ مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئىسلامىۇ بىرخىل قائىدە-نىزامچىلىقنى ئاساس قىلغان دىندۇر (شەرىئەتكە بويسۇنۇش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىششنى تەشەببۇس قىلىدۇ). ئەمىلىيەتتە ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن 600 يىل بۇرۇنلا، ئىنجىلدا بۇنىڭ خاتالىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئەمىلىيەتتە ئۇ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق كەلگەن خۇدانىڭ شەپقىتى ۋە ئەركىنلىكىنى تاشلاپ، قايتىدىن دىنى ئەمرى-مەرۇپلارنىڭ قۇلى بولۇشتۇر (گالاتىيالىقلار 31-4:21). ئىسمائىل دەل ئىسلام دىنىنىڭ سىمۋولى، ئىسھاق بولسا مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ سىمۋولىدۇر.

○ ئەگەر ئادەمنىڭ قەلبى ئۆزگىرىپ ياخشىلانمىسا، ئۇنداقتا ئۇ دىنى قائىدە-تۈزۈملەرگە ياكى دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىگە خۇددى قۇلغا ئوخشاش مەجبۇرى بويسۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئەگەر ئادەمنىڭ قەلبى ئۆزگىرىپ ياخشىلانسا ۋە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن تولسا، ئۇنداقتا ئۇ باشقىلارغا ۋە جەمىيەتكە يامانلىق قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ، قانۇن-تۈزۈملەرگىمۇ تەبىئىيلا رىئايە قىلىدىغان بولۇپ، ئۆزىنى مەجبۇرلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. دىمەك شۇنداق بولغاندىلا، ئادەملەر دىنى قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ ۋە قانۇنىنىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى ھەقىقى ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولىدۇ. مەسىھ ئېتىقاتى ئالدى بىلەن دىنى ئەمرىمەرۇپ ياكى شەرىئەتكە بويسۇنۇشنى ئەمەس، بەلكى قەلبنى ئۆزگەرتىشنى ئاساس قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قەلبىنى ھەقىقى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەستۇر. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، بىردىنبىر ئامال خۇدانىڭ ئىنسانلارغا چۈشۈرۈپ بەرگەن «قۇتقۇزۇش شەپقىتى» ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىش كېرەكتۇر. شۇنداق بولغاندىلا، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئىنسان قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئادەمنى ئىچىدىن ئۆزگەرتىدۇ. مانا بۇ مەسىھ ئېتىقاتى بىلەن دۇنيادىكى باشقا دىنلارنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىدۇر.

## قۇربان ھېيت

• ئىسلام كالىندارى (ھىجرىيە) 12-ئاينىڭ 10-كۈنى قۇربان ھېيت بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ چوڭ بايرىمىدۇر. بۇ كۈنى مۇسۇلمانلار قوي ياكى باشقا بىرەر

هايۋاننى قۇربانلىق قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغاندا خۇدانىڭ بىر قوينى چۈشۈرۈپ بەرگىنىنى خاتىرلەيدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغلىنى ئىسمائىل دەپ قارايدۇ، ئەمما قۇرئاندا ئۇنداق دېيىلمىگەن، بەلكى ئىسھاقنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. (قۇرئان 107 ـ 37:102)

• تەۋراتتا ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغلىنى ئىسھاق دەپ ئېنىق تونۇشتۇرىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 22)

• ئىنجىلغا ئاساسلانغاندا، ئىبراھىم ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغاندا، خۇدانىڭ ئاسماندىن بىر قوينى چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكىدەك ۋەقەلىك ئارقىلىق، كەلگۈسىدە خۇدانىڭ ئىنسانلارنى گۇناھ ۋە ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەيسا مەسىھنى چۈشۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىشارەت قىلغان. يەھيا پەيغەمبەر ئەيسا مەسىھ توغرىلىق مۇنداق دېگەن: «قاراڭلار، خۇدانىڭ قوزىسى، ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇغۇچى» (يۇھاننا 1:29). تەۋرات دەۋرىدە، ئادەملەر ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلاتتى. ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئاخىرقى قۇربانلىقنى بەرگەندىن كېيىن، ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىش ئەمەلدىن قالدى.

• ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنى خۇدا ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا رازى بولغانلىقى، ئادەمنىڭ خۇداغا بولغان ئېتىقاتى ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. ئۇنداقتا خۇدانىڭ ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىلىش شەكلى نىمە؟ ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھى «ئاللا»نىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قىلىپ بەرگىنى ئىبراھىمنىڭ قىلغىنىدىن ئېشىپ كىتەلمەيدۇ.

• مۇسۇلمانلار ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرىلىشىنى، خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەنلىك دەپ قارايدۇ.

• ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دېگەن: « ئەجدادىڭلار ئىبراھىم مېنىڭ كېلىشىمنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن، ھەم ئۇنى ئالدىنئالا كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولغان» (يۇھاننا 8:56). ئىبراھىم خۇدا تەرىپىدىن سىنالغاندا، ئېتىقاتى ۋەجىدىن، ئوغلى ئىسھاقنى قۇربانلىق قىلماقچى بولىدۇ. ئىلگىرى خۇدا پەقەت ئىسھاقتىن تۇغۇلغانلارنىڭلا ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. شۇڭا ئىبراھىم خۇدانىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇ ئوغلىنى خۇددى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قايتۇرۇپ كەلگەندەك بولدى. (ئىبرانىلار 19 ـ 11:17). تەۋراتتا، خۇدانىڭ كەلگۈسىدە پۈتۈن ئىنسانلارنى قۇتقۇزىدىغانلىقىدەك خۇش خەۋەرنى ئىبراھىمغا يەتكۈزگەنلىكى خاتىرلەنگەن.

خۇدا ئىبراھىمغا مۇنداق دىگەن: «كەلگۈسىدە پۈتۈن مىللەتلەر سەن ئارقىلىق بەخت تاپىدۇ». (گالاتىيالىقلار 3:8)

• مەسىھ ئېتىقاتىدىكى خۇدانىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قىلغان ئىشى، ئۇنىڭ ئادەملەردىن تەلەپ قىلغان ئىشىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. خۇدا ئادەملەردىن مەلۇم ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قېلىش ھوقوقى بار، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىدە ئىنسانلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىدىغان مەجبۇرىيەت يوق. ئىبراھىم ئاخىرىدا بالىسىنى قۇربانلىق قىلمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا، ئىككى مىڭ يىلدىن كيىن، ئوخشاش بىر جايدا، ئەيسا مەسىھ قۇربانلىق بەردى.

• ئىنجىلدا مۇنداق دىيىلگەن: خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇنچىلىك سۆيىدۇكى، ھەتتا يىگانە ئوغلى (ئەيسا مەسىھ) نىمۇ ئۇلارغا ئاتا قىلدى، ھەمدە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بارلىق ئادەملەرنى ھالاكەتتىن ساقلاپ، ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە قىلدۇ (يۇھاننا 3:16)؛ خۇدا ئۆزىنىڭ يىگانە ئوغلىنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتىپ، ئۇ ئارقىلىق بىزنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان مىھىر-مۇھەببىتى نامايەن بولىدۇ (يۇھانناI 4:9)؛ خۇدا ئۆزىنىڭ ئوغلىنىمۇ ئايىماي، بىزگە ئاتىۋەتكەن يەردە، ئەجىبا دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتنىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇپ بىزگە ئاتا قىلماسمۇ؟ (رىملىقلار 8:32) ؛ بىز باشتا خۇدانى سۆيمىدۇق، بەلكى خۇدا بىزنى سۆيۈپ، گۇناھلىرىمىزنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئوغلىنى قۇربان بولۇشقا ئەۋەتتى. مانا بۇ مۇھەببەتتۇر (يۇھانناI 4:10).

• مەسىھ ئېتىقاتىدىكى (ئىنجىلدىكى) خۇدا مىھىر-مۇھەببىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى نامايەن قېلغان.

## ئىسرائىلىيە ۋە پەلەستىن

• پەلەستىن دىگەن نام قەدىمقى فېلىستىن دىگەن مىللەت نامىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى پەلەستىندىكى ئەرەپلەر ئەمەس، بەلكى قەدىمقى گىرىكلارغا قانداش بولغان مىللەت بولۇپ، ئۇلار ئىبراھىمنىڭ زامانىدىلا مەۋجۇد ئىدى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 10:14 ، 20:1-17 ، 34-21:22)

• قۇرئاندا ئاللانىڭ پەلەستىننى ئىسرائىللارغا ئاتا قىلغانلىقى خاتىرلەنگەن.

○ ئاللا مۇقەددەس كىتاپلاردا بەنى ئىسرائىللارغا مۇنداق دىگەن: «سىلەر بۇ زىمىندا ئىككى قېتىم قالايىمقانچىلىق چىقىرىسىلەر، چوقۇم ھەددىڭلاردىن ئاشىسىلەر» (قۇرئان 17:4)

○ ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، ئاللا ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «سىلەر بۇ زېمىندا ياشاڭلار، زامان ئاخىرىدا مەن سىلەرنى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىن يىغىمەن». (قۇرئان 17:104)

○ قۇرئاندا مۇسانىڭ سۆزى ئارقىلىق، ئاللانىڭ ئىسرائىللارغا ئاشۇ زېمىننى بىكىتىپ بەرگەنلىكىنى، ئىسرائىللارنىڭ چوقۇم ئۇ زېمىنغا كىرىپ ياشىشى ۋە ھەرگىز چېكىنىپ چىقماسلىقىنى تەلەپ قىلغان. (قۇرئان 5:21)

● تەۋراتتا خۇدانىڭ پەلەستىننى ئىسرائىللارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقى خاتىرلەنگەن. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 17ـ13:14 ، 21ـ15:18 ، 8ـ17:3 ، 21:12،13 ، 24:7 ، 5ـ26:2 ، 4ـ28:1, 13ـ15 ، 35:11،12 ، 48:3،4 ؛ مىسىردىن چىقىش ؛ يەشايا 41:8،9 ، ھۇشىئا 11:8،9)

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 1900ـ يىللىرى، گىرىتسىيەدىن كەلگەن ئېگېئانلار مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ، بىراق مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1200ـ يىللىرى كافتور دېگەن جايدىن قانانغا (ھازىرقى پەلەستىنگە) كىرىدۇ (قانۇن شەرھى 2:23 ، يەرەمىيا 47:4). ئۇلار دېڭىز بويىدىكى تۆزلەڭلىكلەرنى ۋە بەش شەھەرنى ئىگەللەپ، يەرلىك قانانلىقلار بىلەن سودا ـ تىجارەت قىلىدۇ. بۇ خەلق كېيىن فىلىستىنلار دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار تۇرغان جايلارمۇ فىلىستىن دەپ ئاتىلىدۇ.

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 1500ـ يىللىرى ئىسرائىللار مىسىردىن چىقىپ، چوڭ بىر سىياسى گەۋدىگە ئايلىنىشقا باشلايدۇ.

مۇقەددەس كىتاپلاردىكى خاتىرىلەر:

● مۇقەددەس كىتاپتا خۇدا يەشۇئاغا، جەنۇپتىكى فىلىستىندىن تارتىپ شىمالدىكى لىۋاننىڭ خامات ئېغىزىغىچە بولغان بارلىق زېمىننىڭ ئىسرائىللارغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. (يەشۇئا 5ـ13:1)

● ئىسرائىللار قانانلىقلارنى پۈتۈنلەي قوغلىۋەتمەيدۇ (سەردارلار 33ـ1:21). شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئىسرائىللارغا مۇنداق دەيدۇ: خۇدا ئەمدى ئۇلارنى ھەرگىز ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن قوغلىۋەتمەيدۇ. ئۇلار خۇددى ئىسرائىللارنىڭ بېقىنىغا سانجىلغان تىكەندەك تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىسرائىللارنى خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى سىنايدۇ. (يەشۇئا 2:3،22 ، 3:4)

● پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ئىسرائىللارغا چېقىلغانلىق خۇددى ئۇنىڭ كۆز قارچۇغىغا تەگكەنلىك بىلەن باراۋەردۇر. (زاكارىيا 2:8)

كەلگۈسىدىكى بىشارەتلەر:

• ئىسرائىللار كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنياغا تارىلىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ زېمىننى باشقا مىللەتلەر ئىگەللەيدۇ. (يۇئىل 3:2)

• ۋاقتى سائىتى كەلگەندە، خۇدا ئىسرائىللارنى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن يىغىپ، ئىسرائىلىيەگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇلار يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلىشىدۇ. (يەرەمىيا 16:14،15 ، 29:14 ، 31:8 ؛ ئىزەكىئال 11:17 ؛ زاكارىيا 8:7،8)

• ئەگەر پەلەستىنلىكلەر خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنسا، ئۇلار بۇ زېمىندا داۋاملىق تۇرۇپ قالسا بولىدۇ.

• خۇدا پەلەستىنلىكلەر ئارقىلىق ئىسرائىللارنىڭ خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى داۋاملىق سىنايدۇ.

## يېرۇسالېم

• قۇرئاننىڭ ھېچقانداق يېرىدە يېرۇسالېم تىلغا ئېلىنىپ باقمىغان.

• بەزى مۇسۇلمانلار قۇرئان (17:1) دىكى «ئاللاغا مەدھىيىلەر بولسۇن، ئۇ ئۆز خىزمەتكارىنى بىر كېچىدە مەسچىتى ھەرەمدىن يىراقتىكى مەسچىتكە ئېلىپ باردى» دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، «يىراقتىكى مەسچىت» (مەسچىتى ئاقسا) نى يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانا (بەيتۇل مۇقەددەس) شۇ، مۇھەممەت مۇشۇ يەردىن ئاسمانغا كۆتىرىلگەن دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇخىل قاراش خاتادۇر.

○ بۇ ئايەتتە مۇھەممەتنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقى دېيىلمىگەن.

○ يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانا مۇھەممەتتىن 500 يىل بۇرۇنلا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، مۇھەممەتنىڭ دەۋرىدە يېرۇسالېمدا ئۇنداق بىر ئىبادەتخانا ياكى مەسچىت مەۋجۇد ئەمەستى.

○ قۇرئاننىڭ بۇ ئايىتى بەلكىم مۇھەممەتنىڭ بىرەر غەلىتە چۈشىنى بايان قىلغان بولۇشى مۇمكىن. «ئابابەكرى جەمەتىدىكىلەردىن بىرسى ماڭا مۇنداق دېگەن، پەيغەمبەرنىڭ خوتۇنى ئائىشەنىڭ ئېيتىشىچە، كەچتە مۇھەممەتنىڭ بەدىنى جايىدا تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ روھىنى ئاللا ئېلىپ كېتىدىكەن». (ئىبىن ئىسھاق، «سىراتۇل رۇسۇللاھ»، 183 ـ بەت)

• تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق مۇقەددەس كىتاپلاردا يېرۇسالېم ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

## يېرۇسالېمنىڭ نامى توغرىسىدا:

● يېرۇسالېم دېگەن نام «تىنچلىق شەھىرى» دېگەنلىكتۇر. ئىبرانى تىلىدا تىنچلىق «سالېم» دېيىلىدۇ.

● تەۋراتتا قەدىمقى سالېم شەھىرىنىڭ پادىشاھى مالكىسىدىق تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ پەرۋەردىگار خۇدانىڭ كاھىنى، ھەققانىيەت شاھى، تېنچلىق شاھى دەپ ئاتالغان بولۇپ، نان ۋە شاراپ بىلەن ئىبراھىمنى كۈتىۋالىدۇ (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 14:18). ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ئېرىشكەن ئولجىسىدىن ئوندىن بىرىنى مالكىسىدىققا تەغدىم قىلىدۇ (ئىبرانىلار 7:2).

● پەرۋەردىگار خۇدانىڭ سالىمدا بارگاھى، زىئوندا تۇرالغۇسى باردۇر. (زەبۇر 76:2) سالېم ۋە زىئون يېرۇسالېمنى كۆرسىتىدۇ.

● يېرۇسالېم قەدىمدە «يەبۇس»، «زىئون»، «داۋۇتنىڭ شەھىرى» دەپمۇ ئاتالغان. (ساموئىلII 5:7 ، تارىخنامەI 11:4،5،7)

● «يەھۇدانىڭ مەركىزى شەھىرى» دەپمۇ ئاتالغان. (تارىخنامەII 25:28)

● «مۇقەددەس شەھەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (يەشايا 52:1 ، مەتتا 4:5 ، 27:53)

## يېرۇسالېمنىڭ تارىخى:

● ئىسرائىللار يېرۇسالېمغا كىلىپ ئولتۇراقلىششتىن بۇرۇن، بۇ يەردە ئامور، خىت قاتارلىق مىللەتلەر ئارلىشىپ ياشىغان. (ئىزەكىئال 16:3)

● ئىسرائىللار مىسىردىن چىقىپ قانان رايونىغا كىرگەندە، شۇ ۋاقىتتىكى يېرۇسالېم شاھى بىلەن ئامورلاردىن بولغان باشقا تۆت شاھ بىرلىشىپ يەشۇئاغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق ئەھدىسى تۈزگەن گىبىئونلارغا ھوجۇم قىلىدۇ. يەشۇئا پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي قۇياش، گىبىئوننىڭ ئۈستىدە توختىغىن؛ ھەي ئاي، ئايىيالۇن جىلغىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۇرغىن». شۇنىڭ بىلەن قوياش توختايدۇ، ئايمۇ ئورنىدا تۇرىدۇ، تاكى يەشۇئا بەش شاھنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچە شۇنداق بولىدۇ. (يەشۇئا 10)

● ئىسرائىللار قانان رايونىغا كىرگەندە، يېرۇسالېمنى يەبۇسلار ئىگەللەپ تۇرغان بولۇپ، ئىسرائىللار شەھەر سىپىلىنىڭ سىرتىدىكى بىر قىسىم يەرلەرنى بويسۇندۇرىدۇ، كىيىن ئىسرائىللارنىڭ ئىچىدىكى بېنيامىن قەبىلىسى بۇ يەرلەرنى ئىگەللەپ ئولتۇراقلىشىدۇ. ئۇلار شەھەر سىپىلى ئىچىدىكى يەبۇسلار بىلەن تىنچ-ئىناق ئۆتىدۇ. (سەردارلار 1:8،21)

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000-يىللىرى، داۋۇت ئىسرائىللارنى باشلاپ يىرۇسالېمغا

كىلىدۇ، ھەمدە ئۇ يەردىكى يەبۇسلارغا ھوجۇم قىلىدۇ. يەبۇسلار كۆڭلىدە داۋۇت ھەرگىز سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئەمما داۋۇت زىئوننىڭ قورغىنىنى ئىگەللەپ، كېيىن ئۇنى داۋۇتنىڭ قورغىنى دەپ ئاتايدۇ. (ساموئىلII 5:6،7،9 ؛ تارىخنامەI 8_11:4)

• داۋۇت يېرۇسالېمنى پايتەختى قىلىدۇ. ئۇ ئەھدەساندۇقىنى يېرۇسالېمغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چېدىر قۇرىدۇ. (ساموئىلII 19_6:2)

• داۋۇت ئەسلىدە خۇدا ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا سالماقچى بولىدۇ، ئەمما خۇدا ئۇنى رەت قىلىدۇ. (ساموئىلII 17_7:2)

• داۋۇتقا ۋارىسلىق قىلىپ پادىشاھلىق تەختكە چىققان سولايمان، ئەسلىدىكى شەھەرنىڭ شىمالى تېمىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان يەردە، خۇداغا ئاتالغان تۇنجى ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ. ئۇ يەنە يېرۇسالېمنىڭ شەھەر ئەتراپىغا سېپىل سېلىپ، يېرۇسالېم شەھرىنى كېڭەيتىدۇ ۋە مۇستەھكەملەيدۇ. (پادىشاھلارI 1:3 ، 9:15)

• سولايمان پادىشاھ ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنى، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ۋە ئىسرائىلنىڭ ئاتامانلىرىنى يېرۇسالېمغا يىغىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى داۋۇتنىڭ قورغىنىدىن يەنى زىئوندىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا يۆتكەپ كېلىش ئىدى. (پادىشاھلارI 1:8)

• سولايماننىڭ ۋارىسى رېھوبوئامنىڭ بەشىنچى يىلى، مىسىر پادىشاھى شىشاك يېرۇسالېمغا ھوجۇم قوزغاپ، شەھەرنى بېسىۋالىدۇ. ئۇ مۇقەددەس ئىبادەتخانا ۋە ئوردىدىكى قىممەتلىك بويۇملارنى بۇلاپ ئەكېتىدۇ. سولايمان پادىشاھ ياساتقان ئالتۇن قالقانمۇ تارتىۋالىدۇ. (پادىشاھلارI 26،25:14)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 700_يىللىرى، ئاسسۇرىيە ئارمىيىسى يېرۇسالېمغا ھوجۇم قىلىدۇ. (پادىشاھلارII 17:18)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 588_يىلى، بابىلۇن پادىشاھى نەبۇقەدنەزەر يېرۇسالېم شەھرىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئۇ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ۋە خان ئوردىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. يېرۇسالېم شەھرىنىڭ سېپىللىرىنى بۇزۇپ، ئۆيلەرگە ئوت قويىۋېتىدۇ. (پادىشاھلارII 10_25:1)؛ ئۇ يەنە مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن_كۈمۈشتىن ياسالغان بويۇملارنى بۇلاپ ئەكېتىپ، بابىلوندىكى بۇدخانىغا قويىدۇ. (ئېزرا 14:5)

• 70 يىلدىن كېيىن، پېرسىيە پادىشاھى كۇرۇس يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ، مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قايتا قۇرۇشقا روخسەت بېرىدۇ (ئېزرا 11_1:2). نەھەمىيا يېرۇسالېمنىڭ شەھەر سېپىلىنى قايتىدىن سالىدۇ. (نەھەمىيا)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 37_4 يىللىرى، رىم ئىمپېرىيىسى ھىرۇدخانىنى تىكلەپ

يېرۇسالېمنى ئىدارە قىلىدۇ. ھىرودخان بۇزۇلغان شەھەر سېپىلىنى ئوڭشايدۇ، سېپىل راۋاقلىرىنى سالغۇزىدۇ، مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىمۇ قايتىدىن ياسىتىدۇ.

● ھىرودخانىنىڭ ۋاقتىدا، ئەيسا مەسىھ يەھۇدىيەدىكى بەيتلەھەمدە تۇغۇلىدۇ. شەرقتىن كەلگەن بىرنەچچە مۇنەججىم ئەيسا مەسىھنى كۆرۈش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا كېلىدۇ. (مەتتا 2:1)

● ئەيسا مەسىھنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كىرستتا ئۆلتۈرۈلىشى، ئۆلۈمدىن تىرىلىشى ۋە ئاسمانغا كۆتىرىلىشى يېرۇسالېمدا يۈز بەرگەن (مەتتا 27، 28 ؛ ماركوس 15، 16 ؛ لۇقا 23 ، 24 ؛ يۇھاننا 19 ، 20). بۇلار كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئالدىن قىلغان بىشارەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. شۇڭا مەسىھ جامائىتى يېرۇسالېمنى مۇقەددەس شەھەر دەپ ئۇلۇغلايدۇ.

● ئەڭ دەسلەپكى مەسىھ جامائىتى يېرۇسالېمدا شەكىللىنىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ئاندىن كېيىن باشقا جايلارغا تارقالغان.

● مىلادى 49-يىلى، باشقا مىللەتلەردىن بولغان مەسىھ جامائەتچىلىكى يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىش ياكى قىلماسلىق توغرىسىدىكى قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ مەسىلىنى يېرۇسالېمدىكى جامائەتچىلىك بىرىنچى قېتىم چوڭ يىغىن ئېچىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. (ئەلچىلەر 29-1:15)

● مۇقەددەس كىتاپتا يېرۇسالېمنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرلەر بار. مەسىلەن، زەبۇر 122:3 ، 125:2 ؛ زەفانىيا 1:11 ؛ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 22:2 ، سامۇئىلII 5:9 ؛ تارىخنامەI 11:7،8 ؛ تارىخنامەII 27:3 ، 32:5 ؛ پادىشاھلارI 9:15 ؛ پادىشاھلارII 22:14 ؛ نەھەمىيا 3 ؛ ئەلچىلەر 21:34 .

● مۇقەددەس كىتاپتا يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ گۇناھى ۋە ھەسرىتى توغرىسىدىمۇ خاتىرلەر بار. مەسىلەن، يەشايا 1:21 ، 4-1:29 ؛ يەرەمىيا 26:18 ؛ مەتتا 23:37،38

## يېرۇسالېمنىڭ كەلگۈسىدىكى شان-شەرىپى

● خۇدا تاللىدى يەھۇدا قەۋمىنى، ئۇ سۆيگەن زىئون تېغىنى. ئۇنىڭ سالغان مۇقەددەسگاھى، ئاسمان پەلەك قەد كۆتۈرۈپ، زېمىندەك مەڭگۈلۈك قۇپۇرۇلدى. (زەبۇر 69، 78:68)

● پەرۋەردىگار ئۆزى ئۈچۈن، شۇنداقلا خىزمەتكارى داۋۇت ئۈچۈن، يېرۇسالېمنى جەزمەن قوغدايدۇ ھەم قۇتقۇزىدۇ. (يەشايا 37:35)

## «ئاسماندىكى يېرۇسالىم»

• مۇقەددەس كىتاپتا تىلغا ئېلىنغان «ئاسماندىكى يېرۇسالىم»، «ئۈستىدىكى يېرۇسالىم»، «يېڭى يېرۇسالىم» بىلەن ھازىرقى يەر يۈزىدىكى يېرۇسالىم پەرقلىنىدۇ.

• ھازىرقى يېرۇسالىم ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى تېخى قۇل بولۇپ تۇرماقتا، بىراق ئۈستىدىكى يېرۇسالىم ھۆر-ئەركىن بولۇپ، ئۇ بىز (مەسىھىيلەر) نىڭ ئانىسىدۇر. (گالاتىيالىقلار 4:25،26)

• زىئون تېغى مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ شەھىرىگە يەنى ئاسماندىكى يېرۇسالىمغا سىمووۋۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يەردە سان-ساناقسىز پەرىشتىلەر بار. (ئىبرانىلار 12:22)

• يېڭى يېرۇسالىم ئەرشتىن چۈشىدۇ، ئۇ قىيامەتتە بولىدىغان چوڭ سوراقتىن كېيىنكى مەسىھىيلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ۋە شان-شەرەپكە تولغان تۇرالغۇسى بولۇپ، «يېڭى ئاسمان-زېمىن» دۇر. (ۋەھىيلەر 3:12 ، 21:2)

• ئىنجىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پارىسى ۋەھىيلەردە يېڭى يېرۇسالىمنىڭ قۇرۇلمىسى، بېزىلىشى، ھالىتى قاتارلىقلار تەپسىلى تەسۋىرلەنگەن. (ۋەھىيلەر 21:16-22، 22:1 ؛ يەشايا 54:11،12 )

## يەر تەۋرەش

### ئىسلام دىنىدا

قۇرئاندىكى خاتىرىلەر:

• مەديان قەۋمىدىكىلەر شۇئەيبنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن توساتتىن يەر تەۋرەپ ئۇلارغا زەربە بېرىلىدۇ. تاڭ سەھەردە ئۆيلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ سونايلىنىپ ياتقان ئۆلۈكلىرى بايقىلىدۇ. (قۇرئان 7:91)

• مۇسا ئۆز قەۋمىدىن 70 ئادەمنى تاللاپ ئاللا بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدۇ. ئۇلار يەر تەۋرەشكە دۇچ كېلىدۇ، مۇسا مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەببىم، ئەگەر خالىساڭ، بۇرۇنلا ئۇلارنى ۋە مېنى ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئەجىبا سەن ئارىمىزدىكى نادانلار ئۈچۈن ھەممىمىزنى ھالاك قىلماقچىمۇ؟ بۇ پەقەت سىنىڭ سىنىقىڭ. بۇ ئارقىلىق سەن خالىغان بەزى كىشىلەر ئازىدۇ، سەن ئىرادە قىلغان يەنە بىر قىسىم كىشىلەر توغرا يولدا ماڭىدۇ. سەن بىزنىڭ قوغدىغۇچىمىز، شۇڭا بىزنى كەچۈرىشىڭنى، بىزگە رەھىم قىلىشىڭنى تىلەيمىز. چۈنكى سەن ھەممىدىن بەك كەچۈرگۈچىسەن. (قۇرئان 7:155)

• ئەينى ۋاقىتتا ئاللا بىر تاغنى ئىسرائىللارنىڭ ئۈستىدە خۇددى ئاسماندىكى چېدىرنى تەۋرەتكەندەك تەۋرەتتى، ئۇلار ئۇ تاغنى ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ھېس قىلدى. ئاللا ئۇلارغا: «مەن سىلەرگە بەرگەن تەۋراتنى چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەمرىمەرۇپلارنى ئىسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار» - دەيدۇ. (قۇرئان 7:171)

○ قۇرئاندىكى بۇ ھىكايىنىڭ مەنبىئى يەھۇدىلارنىڭ «ئادوباخ زاراخ» دىگەن كىتابىنىڭ 2-باب 2-بۆلىكى ۋە «سابات» دىگەن كىتاپنىڭ 88-باب 1-بۆلىكىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇنى تەۋرات مىسىردىن چىقىش 19:17 ، 32:19 تىكى مەزمۇنلار بىلەن ئارلاشتۇرۇپ قويغان.

• بۇرۇنقىلار ھەقىقەتەن ھىلە-مىكىر ئىشلەتكەچكە، ئاللا ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش-ئىمارەتلىرىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسى بېشىغا چۈشتى. ئۇلارغا ئەنە شۇنداق ئويلىمىغان يەردىن جازا كىلدى. (قۇرئان 16:26)

• ئەجىبا سىلەر ئاللانىڭ سىلەرنى يەر ئاستىغا يۇتكۈزۈۋېتىشى ياكى قۇم-شىغىللىق بوران بىلەن ئۇچۇرىشىدىن، ئۆزۈڭلارنىڭ ھېچقانداق قوغدىغۇچى تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرىمەمسىلەر؟ (قۇرئان 17:68)

• ئۇلار (مەديانلار) ئاللانى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، يەر تەۋرەپ ئۇلارغا زەربە بېرىدۇ. تاڭ سەھەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىدە سونايلىنىپ ياتىدۇ. (قۇرئان 29:37)

• ئەجىبا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدىكى ئاسمان-زىمىننى كۆزىتىپ باقمىدىمۇ؟ ئەگەر مەن خالىسام، ئۇلارنى يەر ئاستىغا يۇتكۈزىۋېتىمەن، ياكى ئاسماننى پارچە-پارچە قىلىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرىمەن. ئاللاغا تۆۋە قىلغان ھەربىر ئادەمگە نىسبەتەن بۇنىڭدا بىشارەت بار. (قۇرئان 34:9)

• ئەجىبا سىلەر ئەرشتىكى ئاللانىڭ زىمىننى تەۋرىتىش ئارقىلىق سىلەرنى يۇتكۈزىۋېتىشىدىن قورقمامسىلەر؟ (قۇرئان 67:16)

• قۇرئاندا ئاللا زىمىننى تەۋرەپ كەتمىسۇن دەپ تاغلارنى ئورۇنلاشتۇرغان دىيىلىدۇ. (قۇرئان 15:19 ، 16:15 ، 21:31 ، 31:10)

○ بۇ تەلىم ئىلىمپەنگە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى تاغلار يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ. ئەمىلىيەتتە تاغلار قورۇقلۇق بۆلەكلىرى (ماترىكلار) نىڭ ئايرىلىشى ياكى سوقۇلىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، مۇشۇ سەۋەپتىن يەر تەۋرەيدۇ. ئۇندىن باشقا، يانار تاغلارنىڭ پارتلىشىمۇ يەر تەۋرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

• قۇرئاندا قىيامەت باشلىنىشنىڭ ئالدىدا يەر تەۋرەيدۇ دىيىلگەن. (قۇرئان 99:1، 4)

● بۇخارى ھەدىسلىرىدە يەر تەۋرەشنىڭ كۆپىيىشى قىيامەتنىڭ بىشارىتىدۇر دېيىلىدۇ.

○ بىلىم ئاجىزلاشقان، يەر تەۋرەش كۆپەيگەن، كۈن ناھايىتى تېز ئۆتىدىغان، تالاش-تارتىشلار ئاۋۇغان، قىرغىنچىلىقلار كۆپەيگەن، مال-دۇنيا ئېشىپ كەتكەن زامانلار يېتىپ كەلمىگۈچە، قىيامەت قايىم بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1036)

○ تاكى مۇنۇ ئالامەتلەر كۆرۈلمىگىچە، قىيامەت بولمايدۇ. ئىككى گورۇھ ئۆزئارا سوقۇشۇپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلىدۇ، ئۇلار بىر دىنى مەزھەپتىكى ئادەملەردۇر. 30 دەججال (ئالدامچى) پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى دەۋالىدۇ. دىنى ئۆلىمالارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى سەۋەبىدىن دىنى بىلىم يوقايدۇ. يەر تەۋرەش كۆپىيىدۇ. كۈنلەر بەك تېز ئۆتىدۇ. تالاش-تارتىشلار ئاۋۇپ كېتىدۇ، قىرغىنچىلىقلار كۆپىيىدۇ، مال-مۈلۈكلەر نورمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، ئادەملەر بەسلىشىپ ئېگىز ئىمارەتلەرنى سالىدۇ، بىر ئادەم باشقىلارنىڭ قەبرىسىدىن ئۆتكەندە، «مەن ئاشۇ يەردە بولسامچۇ» دەيدۇ. كۈن غەرىپتىن چىقىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 9:88:237)

**مەسىھ ئېتىقاتىدا**

ئىنجىلدىكى خاتىرىلەر:

● 4000 يىللار ئىلگىرىكى ئىبراھىمنىڭ دەۋرىدە، ئۆلۈك دېڭىزنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى سۇدوم ۋە گومورا دىگەن شەھەرلەر يەر تەۋرەشتە گۇمران بولىدۇ.

○ ئەينى ۋاقىتتا پەرۋەردىگار خۇدا ئاسماندىن گۈڭگۈرت ۋە ئوت ياغدۇرۇپ، سۇدوم ۋە گومورا شەھرىنى، پۈتۈن تۈزلەڭلىكنى، شەھەر ئىچىدىكى خەلقنى ۋە يەر ئۈستىدە ئۈنگەن بارلىق مەۋجۇداتنى گۇمران قىلىۋېتىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19:24،25)

○ پەرۋەردىگار خۇدا شۇنداق دەيدۇكى: مەن خۇددى بۇرۇنقى زامانلاردا سۇدوم ۋە گومورا شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلغاندەك، ئاراڭلاردىكى شەھەرلەرنىمۇ گۇمران قىلىپ، سىلەرنى خۇددى ئوت دۆۋىسىدىن تارتىۋالغان بىر پارچە ئوتۇنغا ئوخشىتىپ قويالايمەن. شۇنداقتىمۇ سىلەر يەنىلا ماڭا قايتمايسىلەر. (ئاموس 4:11)

● خۇدا سىناي تېغىدا ئىسرائىللارغا تەۋرات قانۇنىنى چۈشۈرۈپ بەرگەندە يەر تەۋرەيدۇ.

○ سىناي تېغىنى ئىس-تۈتەك قاپلايدۇ. چۈنكى پەرۋەردىگار ئوت ئىچىدە تاغقا چۈشىدۇ. تاغ خۇددى كۆيۈپ كەتكەندەك ئىس ئۆرلەيدۇ. پۈتۈن تاغ تىترەپ كېتىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 19:18)

○ پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتىدىن يەر-زېمىن تەۋرەپ كېتىدۇ، ئاسماندىن يامغۇر ياغىدۇ، سىناي تېغىمۇ ئىسرائىلنىڭ خۇداسىغا ئۇچراپ تىترەپ كېتىدۇ. (زەبۇر 68:8)

● يەر قاتتىق تەۋرەپ يېرىلىدۇ، ھەممە ئادەم توپلاپ مۇسا ۋە ھارۇنغا ھوجۇم قىلماقچى بولغان كوراھ ۋە ئۇنىڭ گورۇھىدىكىلەرنى يۇتۇپ كېتىدۇ. (نوپۇس سانى 16:31، 32)

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 1400-يىللىرى، ئىسرائىللارنىڭ ئەسكەرلىرى يەرىكو شەھرىنى قورشاپ، شەھەر سېپىلىنى كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىدۇ، ئالتە كۈن شۇنداق قىلىدۇ. يەتتە كاھىن يەتتە بۇرغىنى ئېلىپ، ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. ئۇلار يەتتىنچى كۈنى شەھەر سېپىلىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. كاھىنلار بۇرغىلارنى ئۇزۇنغىچە چالىدۇ. بارلىق خەلق كۈچەپ چوقان سۈرەن سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەر سېپىلى ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. (يەشۇئا 6:20)

● پەرۋەردىگار، سېئىردىن چىقىپ، ئېدوم زېمىنىدا ماڭغاندا، يەر تەۋرەپ، ئاسماندىكى بولۇتلاردىن يامغۇر ياغىدۇ. (سەردارلار 5:4)

● سائۇلنىڭ ۋاقتىدا، يۇناتان گىبېئاھتا فىلىستىنلەرگە ھوجۇم قىلغاندا، يەر تەۋرەيدۇ. (ساموئىل I 14:15)

● ئىلياس ھورەب تېغىدىكى چاغدا خۇدا ئۇنىڭغا، سەن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئالدىمدا تۇرغىن دەيدۇ. شۇ چاغدا خۇدا ئۇ يەردىن ئۆتكەندە، قاتتىق شامال چىقىپ، تاغلار گۈلدۈرلىدۇ. لېكىن خۇدا شامالنىڭ ئىچىدە بولمايدۇ. ئاندىن يەر تەۋرەيدۇ، خۇدا ئۇنىڭدىمۇ بولمايدۇ. ئاندىن ئوت يانىدۇ، خۇدا ئوت ئارىسىدىمۇ بولمايدۇ. ئوتتىن كېيىن بوش بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. (پادىشاھلارI 12، 19:11)

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 750-يىللىرى، قانان رايونىدا قاتتىق يەر تەۋرەيدۇ. (ئامۇس 1:1)

● ئەيسا مەسىھ كىرستكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندە، يەر تەۋرەيدۇ، ھەممە بەزى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر تىرىلىپ، قەبرىلىرىدىن چىقىپ، نۇرغۇن ئادەملەرگە كۆرۈنىدۇ. (مەتتا 54-27:50)

● ئەيسا مەسىھ تىرىلگەندىمۇ يەر تەۋرەيدۇ. (مەتتا 28:1،2)

● پاۋلۇس بىلەن سىلاس فىلىپپىيەدىكى زىندانغا قامىلىپ تۇرغان بىر كېچىدە، ئۇلار دۇئا قىلىدۇ ۋە خۇدانى مەدھىيىلەپ ناخشا ئېيتىدۇ، بۇ چاغدا تۇساتتىن قاتتىق يەر تەۋرەپ، تۈرمىنىڭ ئىشىكلىرى ئۆزلىكىدىن ئېچىلىپ كېتىدۇ. بۇ كارامەتلەرنى كۆرگەن زىندان بېگى مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىدۇ. پاۋلۇس ۋە سىلاسلار ئازاتلىققا ئېرىشىدۇ. (ئەلچىلەر 16:25،26)

● مۇقەددەس كىتاپتا، يەر تەۋرەش كۆپىنچە ئەھۋالدا خۇدانىڭ غەزىپى ۋە سوراق قىلىشىغا سىمۋۇل قىلىنىدۇ. (ئايۇپ 9:6 ؛ زەبۇر 18:7،15 ، 8-29:5 ، 46:2،3 ، 60:2 ، 77:18 ، 97:4 ، 104:32 ، 7-114:3 ؛ يەشايا 13:13،14 ، 20-24:18 ، 29:6 ؛ يەرەمىيا 4:24 ؛ ئامۇس 8:7،8 ؛ ناھۇم 1:5 ؛ خاباكۇك 3:6 )

## قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇنقى چوڭ ئاپەت، يەر تەۋرەش ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر:

● قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن، مىللەتلەر ئوتتورىسىدا ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدا چوڭ ئۇرۇشلار پارتلايدۇ. كۆپ جايلاردا ئاچارچىلىق ۋە يەر تەۋرەش يۈز بېرىدۇ. بۇلار چوڭ ئاپەتنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشىدۇر. (مەتتا 24:7،8 ؛ ماركوس 13:8)

● يەر قاتتىق تەۋرەيدۇ. كۆپ جايلاردا ئاچارچىلىق ۋە ۋابا يۈز بېرىدۇ. ئاسماندا قورقۇنۇچلۇق ئالامەتلەر ۋە چوڭ كارامەتلەر كۆرۈنىدۇ. (لۇقا 21:11)

● پەرۋەردىگار خۇدانىڭ سوراق كۈنىدە، يەر-زېمىن قاتتىق تەۋرەيدۇ. ئىنسانلار قورقىنىدىن ئۆڭكۈرلەرگە ۋە ئورەكلەرگە يۈشۈرىنىۋېلىپ، خۇدانىڭ غەزىپى ۋە پارلاق نۇرىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇ چاغدا، ئىنسانلار ئۆزلىرى ياساپ چوقۇنىۋاتقان ئالتۇن-كۈمۈش مەبۇدلارنى چاشقان ۋە شەپەرەڭلەرگە تاشلاپ بېرىدۇ. (يەشايا 21-2:19)

● ئالتىنچى پېچەتنى ئاچقاندا، شۇنى كۆردۈمكى، يەر-زېمىن قاتتىق تەۋرەپ كەتتى، قوياش قارىيىپ، ئاي قاندەك قىزىل رەڭگە كىردى. ئاسماندىن ئاقار يۇلتۇزلار يەرگە تۆكۈلدى. ئاسمان يۆتكىلىپ، خۇددى ئورالما كىتاپتەك ئورالدى. تاغ ۋە ئاراللار ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى. يەر يۈزىدىكى ھەرخىل ئادەملەر تاغنىڭ ئۆڭكۈرلىرىگە ۋە قىياتاشلارنىڭ كامارلىرىغا مۆكۈنىۋالدى. (ۋەھىلەر 17-16:12)

● ئۇلار كېلىشىگە ئاسمان-زېمىن تىترەپ، قۇياش ۋە ئاي تۇتۇلىدۇ، يۇلتۇزلار چاقنىمايدۇ. (يوئىل 2:10)

● پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكىرىگەن ئاۋازى زىئوندىن چىقىدۇ، يېرۇسالېمدىن ئاڭلىنىدۇ،

ئاسمان-زېمىن تىترەيدۇ. ھالبۇكى خۇدا ئۆز خەلقىنىڭ پاناھگاھى ۋە ئىسرائىلىنىڭ قورغىنى بولىدۇ. (يوئىل 3:16)

• پەرىشتىلەر ئىسرىقدانىنى ئېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىدىكى ئوت بىلەن لىق توشقۇزۇپ، ئاندىن زېمىنغا تۆكتى. چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى، يەر-زېمىن تەۋرىدى. (ۋەھىلەر 8:5)

• شۇ چاغدا يەر قاتتىق تەۋرەپ، شەھەرنىڭ ئوندىن بىر قىسمى گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر 7000 ئادەم بولۇپ، قالغانلارنى قورقۇنۇچ باستى ۋە ئەرشتىكى خۇداغا شان-شەرەپ تىلىدى. (ۋەھىلەر 11:13)

• خۇدانىڭ ئاسماندىكى ئىبادەتخانىسى ئېچىلدى. ئىبادەتخانا ئىچىدىن ئۇنىڭ ئەھدە ساندۇقى كۆرۈندى. ئارقىدىن چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى، يەر تەۋرەپ، مۆلدۈر ياغدى. (ۋەھىلەر 11:19)

• ستەنفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىرافېسسورى، گېئولوگىيە ئالىمى، دوكتۇر ئاموس نۇر، پەلەستىن رايونىدىكى يەر تەۋرەشنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، زاكارىيا پەيغەمبەرنىڭ يەر تەۋرەش يۈنىلىشى ۋە يەرنىڭ يېرىلىشى توغرىسىكى ئالدىن بېشارىتىگە دىققەت قىلىدۇ. زاكارىيانىڭ كىتابىدا بىر ئۇزۇك قاتلام ئېنىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇزۇك قاتلامنىڭ شەرقى تەرىپى شىمالغا يۆتكىلىدۇ، غەربى تەرىپى جەنۇبقا يۆتكىلىدۇ. بۇ دەل ئۆلۈك دېڭىز رايونىدىكى قۇرۇقلۇق بۆلىكى (ماترىكلار) نىڭ يۆتكىلىش يۆنىلىشىگە توغرا كېلىدۇ.

( Amos Nur & Chris Mac Askill, The Walls Came Tumbling Down – Earthquakes in the Holy Land, Stanford, CA: ESI Productions, 1991)

• ئەيسا مەسىھ تىرىلىپ 40-كۈنى يېرۇسالېمدىكى زەيتۇنتاغدا ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ. شۇ چاغدا ئىككى پەرىشتە شاگىرتلارغا: «ئۇ ھازىر ئاسمانغا قانداق كۆتىرىلگەن بولسا، كەلگۈسىدە يەنە شۇنداق قايتىپ كېلىدۇ» - دەيدۇ. ھازىر شۇ جايدا يەر تەۋرەشتىن ساقلىنىپ قالغان داڭلىق بىر ئۇزۇك قاتلام زەيتۇنتاغنى كېسىپ ئۆتكەن ھالەتتە بولۇپ. ئۇ يەردىن غەرپكە قارىغاندا مۇقەددەس ئىبادەتخانا تېغىنى كۆرگىلى بولىدۇ، شەرققە قارىغاندا يەھۇدىيە چۆلى ۋە ئۆلۈك دېڭىزنى كۆرگىلى بولىدۇ. كەلگۈسىدە ئۇ يەردە تارىختىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ چوڭ يەر تەۋرەش يۈز بەرگۈسى. شۇ چاغدا ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىدۇ، مۇقەددەس ئىبادەتخانا شان-شەرەپكە تولىدۇ.
(زاكارىيا 5-14:3 ؛ ئىزەكىئال 22-38:18 ؛ ۋەھىلەر 20-16:17 ؛ خاگگاي 2:6،7 ؛ ئىبرانىلار 27-12:25 ؛ لۇقا 27-21:25)

## قۇربانلىق

### ئىسلام دىنىدا

• تۆگىلەر قاتار تىزىلغاندا، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى بوغۇزلاش ئۈچۈن ئاللانىڭ نامىنى ياد ئېتىش كېرەك. ئۇلار يەردە يانچىلاپ ياتقاندا، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېسە ياكى قانائەتچان نامراتلارغا ۋە تىلەمچىلەرگە بەرسە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ گۆشى ۋە قېنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارمايدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ئىخلاسمەنلىكى بارالايدۇ. (قۇرئان 22:36،37)

• ئاللا چوڭ بىر قۇربانلىقنى بەدەل تۆلەپ، ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغلىنى ساقلاپ قالدى. (قۇرئان 37:107)

### مەسىھ ئېتىقادىدا

• يىلان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئېزىقتۇرىدۇ. ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قېپيالىڭاچ بولۇپ قېلىپ، ئۆلۈمگە يۈزلىنىدۇ. خۇدا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى گۇناھىغا تۆۋە قىلىشقا يېتەكلەيدۇ، ھەممە ھايۋاننىڭ تېرىسى بىلەن ئۇلارنىڭ بەدىنىنى ياپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىنىڭ گۇناھىنى يېپىش ئۈچۈن ئىككى ھايۋان تۇنجى قېتىم قۇربانلىق بېرىدۇ. بۇ خۇدانىڭ شەپقىتى ۋە ئادالىتىدىن بولغان بولۇپ، قۇربانلىق قېلىنغان ھايۋان كەلگۈسىدە بولىدىغان تېخىمۇ چوڭ ۋە ئۇلۇغ بىر قۇربانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

• ئادەم ئاتىنىڭ ئوغلى ھابىل يوقۇرقى ئىشنى ئاتا-ئانىسىدىن ئوقۇدۇ. ئۇنىڭدا ئىشەنچ بولغاچقا، قوي پادىسى ئىچىدىن تۇنجى تۇغۇلغىنىنى خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق قېلىدۇ. خۇدا ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ھەدىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشەنچىسى ۋەجىدىن، خۇدا ئۇنى ھەققانى دەپ ئاتايدۇ. «ھەققانى» دىگەنلىك ئۆزىنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن مەڭگۈلۈك جازاغا تارتىلىدىغانلىقنى تونۇپ، چىن قەلبىدىن گۇناھىغا تۆۋە قىلىشتۇر. قابىلمۇ يەر مەھسۇلاتىدىن ئېلىپ پەرۋەردىگارغا تەقدىم قىلىدۇ، ئەمما خۇدا ئۇنىڭ ھەدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ قان تۆكۈپ قېلىنغان قۇربانلىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قابىل ھەسەت ۋە غەزەپتە ئىنىسى ھابىلنى ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ.

• تۇپان بالاسىدىن كېيىن، نوھ خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق سۇپىسىدىن بىرنى ياسايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل ھالال ھايۋانلار ۋە قۇشلارنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قېلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئەسلىدە تۇپان بالاسىدىكى باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ھالاك بولىدىغانلىقنى، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالىشى پۈتۈنلەي خۇدانىڭ شەپقىتىدىن بولغانلىقنى بىلىدۇ. ئۇ يەنە بۇ

هايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا ماس كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قۇربانلىقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ياپىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىدۇ.

• ئىبراھىم خۇداغا ئاتاپ ئۈچ قۇربانلىق سۇپىسى ياسايدۇ. بۇ ئۇنىڭ خۇداغا قۇربانلىق قىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. خۇدا ئۇنىڭغا ئوغلى ئىسھاقنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇ بۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر سىناق بولۇپ، خۇدا ئالدىن ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قوچقاردىن بىرنى تەييارلاپ قويغان ئىدى. بۇ ۋەقەلىكمۇ «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ ئاتالغان ئەيسا مەسىھنىڭ، كەلگۈسىدە ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن بىشارىتى ئىدى.

• مۇسا ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى ھارپا كېچىسى، خۇدانىڭ پەرىشتىسى مىسىردىكى تۇنجى توغۇلغان باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولىدۇ. بۇ مىسىرلىقلار ۋە ئىسرائىللارغا ئوخشاشلا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا خۇدا ئىسرائىللارنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ئۇسۇلنى ئۇلارغا ئۆگىتىدۇ. ھەر بىر ئۆيلۈك ئىسرائىل قوزىدىن بىرنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ قېنىنى ئىشىكنىڭ ئىككى يېنى ۋە ئۈستىگە سۈركەپ، شۇ ئارقىلىق بەلگە قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ھالاكەتتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. كېيىن ئۇلار بۇ ئىشنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد خاتىرلەپ، شۇ كۈننى بايرام قىلىپ تەبرىكلەيدۇ، ھەمدە ھەر قېتىملىق بايرامدا قوينى قۇربانلىق قىلىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

• خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق تەۋرات قانۇنىنى چۈشۈرگەندە، ھالال ھايۋانلارنى (بولۇپمۇ قوينى) قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇشنى بۇيرۇيدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئاققۇزغان قېنى جان ۋە روھقا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، شۇ ھايۋانلارنىڭ قۇربانلىقى ئارقىلىق، ئەسلى ئۆلۈمگە لايىق بولغان گۇناھكار ئادەملەرنىڭ جېنى ۋە روھى ساقلىنىپ قالىدۇ. بىراق، بۇ خىل قۇربانلىق يىلمۇ-يىل، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، مەڭگۈلۈك كۈچكە ئىگە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇ كەلگۈسىدىكى مەڭگۈلۈك قۇربانلىق، يەنى «خۇدانىڭ قوزىسى» دەپ ئاتالغان ئەيسا مەسىھنىڭ ئالدىن بىشارىتىدۇر.

• كونا ئەھدە زامانىدىكى پۈتكۈل تارىخقا قارىساق، ئادەملەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ خۇداغا ھاقارەت كەلتۈرىدۇ، خۇدا بۇ خىل ھاقارەتنى پەقەت قان بىلەنلا يۇغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە بىرەر قوي ياكى كالىنىڭ قۇربانلىقى ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرى ئالدىدا تولىمۇ ئەرزىمەستۇر.

• دۇنيادىكى ھەرخىل مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپلا، ئالەمنىڭ مەلۇم بىر ئىگىسىگە قۇربانلىق قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپلا، مەلۇم قۇربانلىقنى بېرىش ئارقىلىق، گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالىغان.

• خۇدا قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپلا، پەيغەمبەرلەرگە ۋەھىي قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش پىلانىنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، كەلگۈسىدە قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىپ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھىنى يۇيۇدىغانلىقىنى ئالدىن بىشارەت قىلغان ئىدى.

• بۇندىن 3000 يىللار ئىلگىرىلا، داۋۇت پەيغەمبەر كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىن قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئالدىن بىشارەت بەرگەن. ئەيسا مەسىھ كېلىشتىن 700 يىل بۇرۇن، يەشايا پەيغەمبەر ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئېغىر ئازاپلارنى تارتىدىغانلىقىنى ئالدىن بىشارەت قىلغان. يەھيا پەيغەمبەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ دەل ئاشۇ قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بەرگەن.

• ھەزرىتى ئەيسا غايىپتىن تۆرىلىدۇ، ھەرخىل كېسەللەرنى مۆجىزىلەرچە ساقايتىدۇ، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، بورانىنى تىنجىتىدۇ، ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

• ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى ۋە پىلانى بىلەن بولغان بۇ چوڭ قۇربانلىق ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكى نامايەن بولىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ يۇيۇلۇپ قۇتقۇزۇلۇشىدىكى بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئاخىرقى قۇربانلىقتۇر. (يەشايا 53:10 ؛ كورىنتلىقلارI 5:7 ؛ ئىبرانىلار 9:11،12،26،28 ، 10:10ـ14)

• ئەيسا مەسىھنىڭ پاك مۇقەددەس قېنى خۇددى بۇلغانمىغان ئەيىپسىز قوزىنىڭ قېنىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن تۆلەنگەن ئەڭ قىممەتلىك بەدەلدۇر. (ماركوس 10:45 ؛ يۇھاننا 1:29 ؛ پېتروسI 1:18،19)

•ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىق قېنى خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا يېڭى بىر ئەھدىنى تۈزىدۇ (كورىنتلىقلارI 11:24ـ29).

• ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ئەڭ ئاخىرقى مۇكەممەل قۇربانلىق بولۇپ، مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ھايۋانلارنى يەنە قۇربانلىق قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

• ئەيسا مەسىھ ئۆلۈپ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىدۇ، 40-كۈنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇ يەنە قايتىپ كېلىدۇ.

● ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقى بىزنى قۇتقۇزۇپلا قالماي، يەنە ئەركىنلىككە ئېرىشتۈردى. شۇڭا بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئاتىشىمىز، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىشىمىز كېرەك. «بىز مەسىھكە ۋاكالىتەن سىلەرنى خۇدا بىلەن يارىشىشقا دەۋەت قىلىمىز. خۇدا ئاشۇ گۇناھسىزنى بىزنىڭ ئورنىمىزدا گۇناھكار قىلدى، بۇ ئارقىلىق بىزنى ئۇنىڭ ئىچىدە خۇدانىڭ ھەققانىيىتى قىلدى». (كورىنتلىقلارII 5:21)

## يېمەكلىك

### ئىسلام دىنىنىڭ يېمەكلىك ئادىتى

● ئۆزى ئۆلگەن ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى، قاننى، چوشقا گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ. ئاللانىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ بوغۇزلانمىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ. (قۇرئان 2:173 ، 5:3،4 ، 6:118،145 ، 16:115)

● ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن، مەجبۇرلىنىشتىن ياكى بىلمەسلىكتىن ھارام نەرسىنى يەپ سالسا، گۇناھ بولمايدۇ. (قۇرئان 5:3 ، 6:145 ، 16:115)

ھاراق توغرىسىدا:

● مۇھەممەتكە دەسلەپ چۈشكەن ۋەھىلەردە ھاراق چەكلەنمىگەن.

○ سىلەر خورما بىلەن ئۈزۈملەردىن ھاراق ۋە ئىسىل يېمەكلىكلەرنى چىقىرىسىلەر. بىلگەنلەرگە بۇنىڭ ئىچىدە بىشارەت بار. (قۇرئان 16:67)

○ ئەي مۇسۇلمانلار، ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قالغاندا ناماز ئوقۇماڭلار، تاكى ئۆزۈڭلارنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگەنگە قەدەر. (قۇرئان 4:43)

● كېيىنكى مەزگىللەردە چۈشكەن ۋەھىلەردە ھاراق چەكلەنگەن.

○ ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناشتا چوڭ گۇناھ بار. گەرچە ئۇلارنىڭ ئادەملەرگە پايدىسى تەگسىمۇ، ئەمما زىيىنى پايدىسىدىن چوڭدۇر. (قۇرئان 2:219)

○ ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناش يامان ئىش بولۇپ، شەيتاننىڭ ئىشىدۇر. شۇڭا ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك. شەيتان مۇشۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ئۆچمەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئاللانى ئەسلەشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن چەكلەيدۇ. (قۇرئان 5:90،91)

● قۇرئاندا بۇنداق زىددىيەتلىك ئايەتلەرنىڭ بولىشى، مۇھەممەتنىڭ ۋەزىيەتكە ئاساسەن ئويلاپ تاپقان ئامالىدۇر. مىلادى 622 ـ يىلى مۇھەممەت مەدىنىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، بىر قىسىم مۇسۇلمانلار يەرلىكلەرنىڭ ھاراق ئىچىش سورۇنلىرى ۋە

قىمار سورۇنلىرىغا قاتنىشىدۇ. بەزىلەر مۇھەممەتتىن ھاراق ئىچىشكە بولىدىغان بولمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ھاراقنىڭ ياخشى تەرەپلىرىمۇ بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ھاراق ئىچىشتىن چەكلىمەيدۇ. كېيىن بەزىلەر مەس ھالەتتە ناماز ئوقۇپ ئايەتلەرنى قالايمىقان دېگەنلىكى ئۈچۈن، مۇھەممەت مەس بولۇپ قالغان چاغدا ناماز ئوقۇماڭلار دەيدۇ. ئەمما ھاراق ئىچىشنى يەنىلا پۈتۈنلەي چەكلىۋەتمەيدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىقتا، بەزى مۇسۇلمانلار ھاراق ئىچىپ مۇشتلىشىپ، بىر-بىرىنىڭ كاللىسىنى يېرىشىدۇ، ھەم شۇ سەۋەپتىن ئۆچمەنلىشىدۇ. شۇڭا بۇ قېتىم مۇھەممەت قاتتىق چارە قوللىنىپ، ھاراقنى شەيتاننىڭ نەرسىسى، ھارام، يامان نەرسە، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش كېرەك دەپ، ئۇنى ئۈزۈل-كېسىل چەكلەيدۇ. ھەر قېتىملىق ئۆزگىرىشتە مۇھەممەت ئاللادىن ئاشۇنداق ۋەھى كەلدى دەيدۇ. ئەجىبا، ئاللا بۇرۇن ھاراقنىڭ شەيتاننىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھارام ۋە يامانلىقىنى بىلمەسمۇ؟

مەسىھيلەر ۋە يەھۇدىيلارنىڭ يېمەكلىكى توغرىسىدا:

- مەسىھيلەر ۋە يەھۇدىيلارنىڭ يېمەكلىكلىرى مۇسۇلمانلارغا ھالال بولۇپ، يېسە بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەكلىكلىرىمۇ ئۇلارغا ھالالدۇر. (قۇرئان 5:5)

ھەدىستە يېيىش چەكلەنگەن يېمەكلىكلەر:

- ئېشەك گۆشى يېيىش چەكلىنىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:234 ، 5:59:509،510 ، 7:67:429ـ436)

- قوزۇق چىشى بار يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يېيىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:67:435o, 438 ، 7:71:672)

- خام سامساق يېيىشكە بولمايدۇ. خام سامساق يېگەن ئادەملەرگە يېقىنلىشىشقا، بىرگە ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. خام سامساق يېگەنلەر مەسچىتكە كىرىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:853ـ856 ، 5:59:526 ، 5:3)

يېيىشكە بولىدىغان ھايۋانلار:

- تۆگىنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ. (قۇرئان 22:36)

- ئاتنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 5:59:530 ، 7:67:429ـ436)

خورما توغرىسىدا:

- ھەر كۈنى ئەتىگەندە يەتتە تال ئەجۋە خورمىسى يېگەن ئادەمگە، شۇ كۈنى زەھەر ۋە سېھىر-جادۇ تەسىر قىلمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:65:356 ، 7:71:663, 664, 671)

• خورما بىلەن ئۈزۈم قېقىنى ئارلاشتۇرۇپ مۇرابىا قىلىشقا بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:69:507)

تاماق يېگەندىكى قائىدىلەر:

• ئوڭ قولدا بىر نەرسە يېيىش كېرەك. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:65:288)

• تاماق يېگەندە ئوڭ قولدا يېيىش كېرەك، جىنلار سول قولدا يەيدۇ. (مۇسلىم ھەدىسلىرى)

• تاماق يېگەندە «بىسمىللا» (ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن) دەپ ئاندىن يېيىش كېرەك. (ئەبۇ داۋۇد ھەدىسلىرى)

• ئادەملەر تاماق يېگەن ۋاقىتدا، جىنلار ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. شۇڭا چۈشۈپ كەتكەن تاماق ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ يەۋېتىش كېرەككى، ھەرگىز جىنلارغا قالدۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قولنى شۈمەپ، قاچىنى يالىۋېتىش كېرەك. (مۇسلىم ھەدىسلىرى)

قاچىلاش ئەسۋاپلىرى توغرىسىدا:

• سۇ ئىچكەندە، سۇ قاچىلىغان ئەسۋاپنىڭ ئىچىگە پۈلىمەسلىك ۋە دەم تارتماسلىق كېرەك. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:153،154 ، 7:69:534)

• يېشىل ۋە ئاق رەڭلىك كومزەك ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:69:501)

• ئالتۇن-كۈمۈشتە ئىشلەنگەن لىگەن ۋە تەخسىلەردە يەپ ئىچىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:62:104 ، 7:65:337 ، 7:69:536_539 ، 7:72:753 ، 8:74:253g )

## مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ يېمەكلىك توغرىسىدىكى تەلىملىرى

تەۋراتتا چەكلەنگەن يېمەكلىكلەر:

• جانلىقلارنىڭ قېنى (لاۋىيلار 7:26 ، 14_17:10). چوشقا ۋە چاشقان (يەشايا 65:4 ، 66:17). تۆگە، بۇرسۇق، توشقان، چوشقا (لاۋىيلار 7_11:4، قانۇن شەرھى 14:7،8). سۇ ئىچىدە ياشايدىغان قاسىراقسىز ۋە قاناتسىز بولغان كۆرۈمسىز ھايۋانلار (لاۋىيلار 12_11:10، قانۇن شەرھى 14:9،10).

• ئۇچار قاناتلارنىڭ ئىچىدە، ھەرخىل قارچۇغا ۋە بۈركۈت تۈرىدىكى يىرتقۇچ قۇشلار، قاغا-قوزغۇنلار، مۈشۈكياپىلاق تۈرىدىكى قۇشلار، تۆگە قۇشى، غارغار ئۆدەك، ساقىيقۇش، تازقارا، قاقىر، ئاققوتان، ھۆپۈپ، شەپەرەڭ قاتارلىقلار. (لاۋىيلار 19_11:13 ، قانۇن شەرھى 18_14:11)

• قانتى بار ۋە تۆت پۇتى بىلەن ئۆمىلەيدىغان جانىۋارلار. (لاۋىيلار 11:23، قانۇن شەرھى 14:19)

• تويىقى ئىككىگە ئاجرىمىغان، كۆشىمەيدىغان ھايۋانلار. (لاۋىيلار 11:26)

• تاپىنىدا ماڭىدىغان تۆت پۇتلۇق ھايۋانلار (لاۋىيلار 11:27،28) (مەسىلەن، يولۋاس، شىر، ئېيىق، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار)

• سېسىق كۈزەن، ئاغمىخان تۈرىدىكى ھايۋانلار، پاتمىچۇق، كەسلەنچۈك تۈرىدىكى ھايۋانلار. (لاۋىيلار 31ـ11:29)

• ئۆزى ئۆلگەن ياكى يىرتقۇچلار تەرىپىدىن تىتىۋېتىلگەن ھايۋان جەسەتلىرى. (لاۋىيلار 17:15 ، قانۇن شەرھى 14:21)

ئىنجىلدىكى تەلىملەر:

• خۇدا ھەممە يېمەكلىكنى پاكلىيالايدۇ. (ماركوس 7:19 ؛ ئەلچىلەر 10:15 ؛ تىموتىيI 4:3،5)

• سىرتتىن كىرگەن نەرسە ئادەمنى ناپاك قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىگە ئەمەس، قوسقىغا كىرىدۇ، ئاندىن تەرەت بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئىنساننىڭ ئىچىدىن يەنى قەلبىدىن چىقىدىغان نەرسىلا ئادەمنى بۇلغاپ، ناپاك قىلىدۇ. مەسىلەن، يامان نىيەت، جىنسى ئەخلاقسىزلىق، ئوغرىلىق، قاتىللىق، زىناخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، يامانلىق، ھىيلىگەرلىك، شەھۋانىلىق، ھەسەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق ۋە ھاماقەتلىكلەر. بۇ يامانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىپ، ئادەمنى ناپاك قىلىدۇ. (مەتتا 20ـ15:16 ، ماركوس 23ـ18 ,7:15 )

• «بۇنى ئالما» ، «ئانى يېمە» ، «مانى تۇتما» دىگەن قائىدىلەرگە ئەمدى بويسۇنمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇلار ئادەملەرنىڭ بۇيرۇقى ۋە تەلىملىرىدۇ. روشەنكى، كىشىلەر ئۆزلىرى ئىجاد قىلىۋالغان دىنلاردىكى مۇنداق تەقۋادارلىق، ساختا كەمتەرلىك ۋە ئۆز تېنىنى ئازاپقا سالىدىغان قائىدە ـ يوسۇنلار دانالىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇلارنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىمىزدىكى ھەۋەسلەرنى چەكلەشتە ھېچقانداق پايدىسى يوق. (كولۇسىلىقلار 23ـ2:20)

•ئاجىز قېرىنداشلىرىنىڭ ئېتىقاتىتا يېقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن، مەبۇدقا ئاتالغان يېمەكلىكلەرنى يېمىسە بولىدۇ (رىملىقلار 15ـ14:13 ؛ كورىنتلىقلارI 13ـ8:7 ، 10:28 ؛ ۋەھىلەر 2:14،20) . ئەگەر گۆش يېيىش سەۋەبىدىن قېرىنداشلىرىنىڭ ئېتىقاتىغا تەسىر قىلسا، ئۇنداقتا بۇ گۆشنى يېمەسلىك كېرەك. (رىملىقلار 14:21)

نىمىشقا تەۋراتتا چوشقا گۆشى چەكلىنىدۇ، ئەمما ئىنجىلدا چەكلەنمەيدۇ؟

● تەۋراتتىكى قانۇن-تۈزۈملەر ئەخلاق ۋە ھەق تەلەپ قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

● ئەخلاق قانۇنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىدىغىنى ھاياتلىقنا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ ئەخلاق مىزانلىرىدۇر. ئۇنىڭ مەقسىتى، ئىچكى پاكلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئىسرائىللارنى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەردىن ئايرىش. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ھەم خۇداغا ھەم ئىنسانغا شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان، تېخىمۇ يۇقىرى بولغان بىر پاكلىق ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئۈلگە قىلىشتۇر. «ئون پەرھىز» ئەخلاق قانۇنىنىڭ يادرۇسى بولۇپ، ئادەملەرنىڭ خۇداغا ۋە باشقا ئادەملەرگە بولغان مەجبۇرىيىتى بەلگىلەنگەن. ئۇ شارائىت ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدۇ.

● ھەق تەلەپ قانۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشقا دائىر قائىدە-نىزاملاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە تارىخى شارائىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇنداق قانۇنلار پاكلىق، يېمەكلىك، سالامەتلىك، كىيىم-كېچەك، دىنى قائىدە-يوسۇن قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى تاشقى جەھەتتىكى پاكلىق ئامىللىرى ئارقىلىق ئىسرائىللارنى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەردىن ئايرىش، ھەم بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىگە خاس بولغان مۇستەقىل ھالەتتە ساقلاش ئۈچۈندۇر. ئۇلار بىرلا خۇداغا ئېتىقات قىلىپ، ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇدلارغا چوقۇنىدىغان خۇراپاتلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىدا چوشقا گۆشى يېمەسلىككە ئائىت بەلگىلىمىلەر بار.

● ئەينى ۋاقىتتىكى نۇرغۇن يات مىللەتلەردە، چوشقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئۇ چاغلاردىكى چوشقىلار ئىنتايىن مەينەت ھايۋان بولۇپ، ئەخلەت-چاۋالار بىلەن بېقىلاتتى. شۇڭا چوشقا گۆشى ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىپ، جەمىيەتكە خەۋپ سالاتتى. ئىسرائىللار بولسا ئۇ خەلقلەرنىڭ ناپاك نەرسىلىرىنى ئۆزىگە قەتئىي يۇقتۇرمايتى. چۈنكى خۇدا ئۇلارنى ئالاھىدە مەقسەت بىلەن تاللىغان بولۇپ، باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرگەن ئىدى.

● خۇدانىڭ ئىسرائىللارنى تاللىشى، ئۇلار ئارقىلىق مەسىھنى دۇنياغا ئەۋەتىپ، ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىدى. خۇدانىڭ سۆزى ئىنسان ھالىتىدە كېلىپ ئەيسا مەسىھ بولدى. ئۇ مەريەم ئارقىلىق مۆجىزىلەرچە دۇنياغا تۇغۇلدى.

● ئەيسا مەسىھ دەۋرىدىكى ئىسرائىللار تەۋراتتىكى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن بولۇپ، قەلبىنى پاكلاشنىڭ ئورنىغا قولىنى يۇيۇش ۋە دىنى ئەمرىمەرۇپلارغا بويسۇنۇشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. دىنى داھىلار ئۆزلىرىنىڭ

نۇرغۇن قائىدىلىرىنى چىقىرىۋالغان بولۇپ، بۇلارنى پاكلىنىشنىڭ ئۆلچىمى دەۋالغانىدى. نەتىجىدە نۇرغۇن ئادەملەرگە نىسبەتەن، دىنى ئېتىقات شەكىلۋازلىق ۋە ساختىپەزلىككە تولغان ئۆلۈك قائىدە-يوسۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ. دىنى موللىلار تاشقى كۆرۈنۈشتە، ئۇزۇن دۇئالارنى قىلىدۇ. قوللىرىنى پاكىز يۇيىدۇ، ھالال يېمەكلىكلەرنىلا يەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچى بولسا، ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، ئاچكۆزلۈك ۋە شەھۋانى ھەۋەس بىلەن چىرىپ كەتكەنىدى. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزلىرىنى پاك دەپ ماختىنىدۇ.

• ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئالدىدا ئاللىبۇرۇن بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. شۇڭا بۇ خىل ساختىپەزلىكنى يوقۇتۇپ، قەلبنىڭ ھەقىقى پاكلىقىغا قايتىش ئۈچۈن، بارلىق يېمەكلىكلەرنى ھالال دەپ جاكارلايدۇ (ماركوس 23-18:7 ؛ مەتتا 20-16:15). ئەيسا مەسىھ دۇنياغا كېلىش ئارقىلىق، دۇنيادىكى بارلىق مەدىنىيەتلەرنى خۇداغا يۈزلەندۈرۈپ، پۈتۈن مىللەتلەرنى خۇدانىڭ ئەخلاق قانۇنى ئىچىدە پاكلىماقچى بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئىسرائىللارنىڭ ئەمدى ئۆز خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بۇ كوللېكتىپنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇھىت ۋە ھاۋارايىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن، ھەممە مىللەتكە باب كېلىدىغان ئورتاق ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ مەۋجۇد بولىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

• مۇسا ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنى مەخسۇس ئىسرائىل مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بېكىتىلگەن بولۇپ، كېيىنكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىسرائىل مىللىتىدىن ئەمەس. شۇڭا ئۇلار تەۋراتتا بېكىتىلگەن ھەق تەلەپ قانۇنىغا بويسۇنۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

• ئەيسا مەسىھنىڭ ئەخلاق قانۇنى ھەممە ئادەمگە ئوخشاشتۇر. قادىر خۇداغا شان-شەرەپ ئەكېلىدىغىنى قانداق نەرسىنى يېيىش ياكى يېمەسلىك ئەمەس، بەلكى خۇدانى ۋە قېرىنداشلىرىنى ھەقىقى سۆيۈشتۇر. بۇ قانۇن دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەمگە تەتبىقلىنىدۇ.

• خۇدا غايىبانە ئالامەت ئارقىلىق ئەلچى پېتروسقا، تەۋراتتا ناپاك دەپ قارالغان بەزى ھايۋانلارنى يېسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇنىڭ يات مىللەتلەرگە خۇش خەۋەر تارقىتىشى ئۈچۈن ئىدى (ئەلچىلەر 28 ,15-11:10). ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەن يەھۇدىيلار ئەمدى يات مىللەتلەرنى ناپاك دەپ قارىسا بولمايدۇ. قائىدە يوسۇن جەھەتتىكى پاكلىققا ئائىت قانۇن ئەمدى كۈچكە ئەمەس (چۈنكى ئۇنىڭدا ناپاك نەرسىنى يېگەن ئادەممۇ ناپاك بولىدۇ دەپ قارىلاتتى). شۇڭا يەھۇدىيلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنى ئايرىپ تۇرغان يېمەكلىككە ئائىت قانۇن-نىزام كۈچتىن قالىدۇ.

هاراق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر:

● شاراپ ئادەمنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرىدۇ، هاراق ئادەمنى هۆكىرتىدۇ. هاراق ئىچىپ ئازغانلىق ئەقىلسىزلىقتۇر. (پەندى-نەسىھەتلەر 20:1)

● هاراققا ئامراق ئادەم باي بولالمايدۇ (پەندى-نەسىھەتلەر 21:17)؛ هاراقكەشنى نامراتلىق باسىدۇ (پەندى-نەسىھەتلەر23:21).

● هاراق ئىچىپ مەس بولۇشقا بولمايدۇ (رىملىقلار 13:13 ، ئەفەسلىكلەر 5:18). هاراقكەشلەر خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرەلمەيدۇ (كورىنتلىقلارI 6:10) .

● ئەگەر هاراق ئىچىش سەۋەبىدىن بۇرادىرىڭلار ئېتىقاتتا يېقىلىپ چۈشسە، ئۇنداقتا هاراق ئىچمىگەن تۈزۈك. (رىملىقلار 14:21)

● هاراق ئىچىپ ئىش تېرىشقا بولمايدۇ. (تىموتىيI 3:3 ؛ تىتوس 1:7)

● هاراققا بېرىلىپ كىتىشكە بولمايدۇ. (تىموتىيI 3:8)

● هاراقنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىق كېرەك. (تىتوس 2:3)

● ئىشتىها تۇتۇلۇپ، بەدەن ئاجىزلاپ قالغاندا، ئازراق هاراق ئىستىمال قىلسا بولىدۇ. (تىموتىيI 5:23)

## ئىسلامدا رەسىم چەكلىنەمدۇ؟

● قۇرئاندا رەسىم-سۈرەتنى چەكلەيدىغان ھېچقانداق ئايەت يوق.

● ھەدىسلەردە ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن رەسىم چەكلىنىدۇ.

○ پەرىشتە جانلىقلارنىڭ (ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ) سۈرىتى بار ئۆيگە كىرمەيدۇ. قىيامەتتە ئەڭ قاتتىق جازاغا ئۇچرايدىغانلار رەسساملاردۇر. چۈنكى ئۇلار خۇدا ياراتقان نەرسىلەرنى ئوخشىتىپ ياساشقا ئۇرۇنىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2105 ، 4:54:447،450،539 ، 5:59:338 ، 7:72:833،835،838،844 ، 8:73:130 ، 9:87:165 ، 9:93:646،647)

○ رەسىم سىزىش خاتادۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:72:837)

○ مۇھەممەت رەسىم سىزىلغان پەردىنى يىرتىپ تاشلايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2479)

○ مۇھەممەت رەسىم سىزغانلارنى قارغايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:63:259 ، 7:72:845)

○ مۇھەممەت سۈرەت ۋە كىرىست بەلگىسىنى ئۆچۈرۈۋىتىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:72:836)

● ئىسلامدا پەقەت مۇھەممەت ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈرىتىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن رەسىملەرنىڭ ھەممىسى چەكلىنىدۇ.

● رەسساملار قىيامەتتە جازالىنىدۇ دېيىلگەن، ئەمما ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنى جازالاپ، رەسىملىرىنى بۇزۇۋېتىڭلار دېيىلمىگەن.

● ئىسلام ئۆلىمالىرى رەسىم دېگىنىمىز رەڭ، سىر، بوياق، قەلەم، ئاپارات قاتارلىقلاردا ئىشلەنگەن ھەرقانداق رەسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەيدۇ. ئۆيدە رەسىملا ئەمەس، ھەتتا تېلېۋىزور بولۇشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاندا تېلېۋىزور پەيدا بولغان چاغلاردا، دىنى توپىلاڭ كۆتىرىلگەن ئىدى.

● ھازىر كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىدىكى سۈرەتنى چەكلەشكە ئائىت بەلگىلىملەرگە ئەمەل قىلىپ كەتمەيدۇ.

● مۇسۇلمانلار (ئاساسلىقى ئىران، ئافغانىستان، تۈركىيە، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار) ئىشلىگەن مۇھەممەتنىڭ سۈرىتىگە دائىر ئۇلىنىشلار:

http://www.zombietime.com/mohammed_image_archive/islamic_mo_full

http://www.zombietime.com/mohammed_image_archive/islamic_mo_face_hidden